

ئومۇمىي 76-سان
2025 دېكابىر

# ئۇيغۇرلار

## *The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

ئومۇمىي 76 -سان

2025 دېكابىر

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسى ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت

مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم

ئازادئاي غەيرەت

چىقارغۇچى ئورۇن :

ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)

www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:

ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.

مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.

6 009800 461091 >



## 76 ـ ساندىكى ئەسەرلەر


| ئەسەر ئىسمى | ئاپتورى | بەت |
|---|---|---|
| سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش | توم كاتىن | 1 |
| «ناخشا ئاڭلاش» جىنايىتى | | 11 |
| تەۋەررۇك ئەسكەر ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى | ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز | 19 |
| ھىندىستان تۇرمىسىدىكى ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا ـ ئۇكا | | 27 |
| خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى «قىرغىن قىلىش» ۋە «ئىنكار قىلىش» باسقۇچلىرىغا يەتتى | | 32 |
| ترامپ ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ خىتايغا سۇنئىي ئىدراك ئۆزىكىنى سېتىشىغا رۇخسەت قىلدى | ئالېكساندېرا ئالپېر | 35 |
| ۋەزىپىلەرنى بېسىم ھېس قىلماستىن تاماملاش ئۈچۈن تەۋسىيەلەر | جوئېل سناپى | 39 |
| زېھنىي ئويغاقلىق ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلفۇن | پەتىي ۋېلبورن | 44 |
| دۇنيادىكى ئەركىنلىك 2025 ـ يىلى ئۇدا 20 يىل چېكىندى | | 48 |
| تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش | | 53 |
| ئىراندىكى نامايىش ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى | | 63 |
| سۆرەلمىلىكنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى يېڭىش | دومىنىك ج. ۋوگ | 67 |
| ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋاشىڭتوندا »ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى تۇرۇش« پائالىيىتى ئۆتكۈزدى | | 74 |
| دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار | | 78 |


**مۇقاۋىدا: ئۇيغۇر ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن ـ**
**نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئوبرازى**

سىياسەت

# سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش




توم كاتىن

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى سېناتورى

# سىز خىتاي ھەققىدە ئېيتالمايدىغان يەتتە ئىش


تـوم كاتىن

(بېشى ئالدىنقى ساندا)


## بىرىنچى: خىتاي بىر رەزىل ئىمپېرىيە

1983- يىلى رونالد رېگان سوۋېت ئىتتىپاقىنى «رەزىل ئىمپېرىيە» دەپ ئاتاش ئارقىلىق، (ئامېرىكادىكى) لىبىرالىزىمچى سەرخىللارنىڭ (دېموكراتلار پارتىيىسىگە مايىل ئاق ياقىلىق كىشىلەرنىڭ) قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇلار رېگاننىڭ بۇنداق ئاتىشىغا قارشى «نەقەدەر ساددىلىق! نەقەدەر تېيىزلىق!» دەپ جار سېلىشقان ئىدى. ھەتتا نيۇ-يورك ۋاقىت گېزىتىنىڭ بىر ستون يازغۇچىسى رېگاننىڭ نۇتقىنى «كىشىنى غەزەپلەندۈرىدىغان»، «ئىپتىدائىي» ۋە «ئىنتايىن خەتەرلىك» دەپ ئەيىبلىگەن. ئەمما رېگان ھەقلىق ئىدى: رۇسىيە كوممۇنىزمى ھەقىقەتەن «زامانىۋى دۇنيادىكى رەزىللىكنىڭ مەركىزى» ئىدى.

رېگان سوۋېت ئىتتىپاقىنى بىكاردىنلا «رەزىل ئىمپېرىيە» دېمىگەن ئىدى، بەلكى ئۇ بۇ سۆز ئارقىلىق خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتاتتى. رەزىل ئىمپېرىيە دېگەنلىك ئورۇنلۇق نارازىلىقلىرى بولغان ياكى مۇرەسسە بىلەن ھەل قىلىشقىلى بولىدىغان ئىختىلاپلىرى بار نورمال بىر دۆلەت دېگەنلىك ئەمەس. رەزىل ئىمپېرىيە ئۆز ماھىيىتىدىنلا مۇرەسسە بىلەن تىنچىمايدۇ، ئۇ ھەممە يەردىكى ئەركىنلىككە تەھدىت سالىدۇ.

كۈنىمىزدە كوممۇنىست خىتاي زامانىۋى دۇنيادىكى رەزىللىك مەركىزىدۇر. بۇ رەزىل ئىمپېرىيە يەتمىش بەش يىلدىن بېرى خىتاي خەلقىنى ۋەھشىيانە خورلاپ كەلدى. مىڭ ئەپسۇسكى ئۇ نۆۋەتتە تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئۇزۇن ھاكىمىيەت سۈرگەن ۋە ئەڭ «مۇۋەپپەقىيەت قازانغان» كوممۇنىستىك پارتىيە بولۇپ قالدى.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى خىتاي خەلقى ئۈستىدىن مۇتلەق كونتروللۇق يۈرگۈزىدۇ ۋە ئۆز ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر قانداق رەزىللىكلەرنى سادىر قىلىشتىن يانمايدۇ. 1989-يىلى ئىيۇندا، پارتىيە

بېيجىڭنىڭ مەركىزىدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئون مىڭغا يېقىن دېموكراتىيە تەلەپ قىلغۇچى نامايىشچىنى قىرغىن قىلغاندا، پۈتۈن دۇنيا بۇ ۋەھشىيلىككە شاھىت بولدى. پارتىيەنىڭ زەربىدار قىسىملىرى نامايىشچىلارنى كالتەكلىدى، ئوققا تۇتتى ۋە چەيلەپ - يانجىدى. سىز بەلكىم شۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ئەڭ مەشھۇر سۈرىتى بولغان، بىر قاتار تانكىلارنىڭ ئالدىدا يالغۇز تۇرغان خىتاي نامايىشچىسى — <تانكا ئادىمى>نى ئەسلەيدىغانسىز. ئۇ چاغدا مەن ئاران 12 ياشتا ئىدىم، ئەمما <تانكا ئادىمى> ھازىرغا قەدەر خۇددى كۆز ئالدىمدا تۇرغاندەك ئېنىق ئېسىمدە. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئاشۇ جەسۇرانە قارشىلىقى بۇ رەھىمسىز ۋە پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى.

بىراق خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى كامېرانىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇن قالغان ئەھۋاللاردىمۇ، ئۆز خەلقىگە نىسبەتەن يەنىلا ئاشۇنداق ۋەھشىيانە ئۇسۇللارنى ئىزچىل قوللىنىپ كەلمەكتە. ئون نەچچە يىلدىن بېرى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلقنى نازارەت قىلىش، بويسۇندۇرۇش ۋە تىزگىنلەش ئۈچۈن زۇلمەتلىك بىر ساقچى دۆلىتى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ خەلقنىڭ نېمىنى كۆرۈشىنى، نېمىنى سۆزلىشىنى ۋە نېمىنى ئويلىشىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. كومپارتىيە نېمىنى كونترول قىلالمىسا، شۇنى غايىب قىلىۋېتىش ۋەياكى ۋەيران قىلىۋېتىش يولىنى تۇتۇپ كەلدى.

خۇددى رېگان دەۋرىدىكىگە ئوخشاش، بىزنىڭ يۇقىرى قاتلام سەرخىللىرىمىز ھېچكىمنىڭ ھەقىقەتنى ئېيتىشىنى خالىمايدۇ. خىتاي بىر رەزىل ئىمپېرىيەدۇر. ئۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھوقۇقنى تارتىۋالغاندىن بېرى شۇنداق ئىدى، پارتىيەدە خىتاينى ئىدارە قىلىۋاتقانلا بولسا يەنىلا شۇنداق پېتى قالىدۇ. بىز كېيىنكى بابلاردا كوممۇنىست خىتاينىڭ ئامېرىكىغا قانداق تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما كومپارتىيەنىڭ چەتئەللەردىكى ئۆچمەنلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۇنىڭ قەلبىدىكى قەبىھ رەزىللىكنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇ رەزىل ئىمپېرىيەنىڭ قانداق قىلىپ ھوقۇق بېشىغا كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن باشتىن باشلايلى، ئاندىن پارتىيەنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ئۆز خەلقىنى قانداق ئەزگەنلىكىگە ۋە قىرغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

كومپارتىيە خىتاي خەلقى ئۈستىدىن مۇتلەق كونتروللۇق يۈرگۈزىدۇ ۋە ئۆز ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر قانداق ۋەھشىيلىكنى سادىر قىلىشتىن يانمايدۇ. 1989-يىلى ئىيۇندا كومپارتىيە بېيجىڭنىڭ مەركىزىدىكى تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئون مىڭغا يېقىن دېموكراتىيە تەلەپ قىلغۇچى نامايىشچىنى قىرغىن قىلغاندا، پۈتۈن دۇنيا بۇ ۋەھشىيلىككە شاھىت بولدى. كومپارتىيەنىڭ زەربىدار قىسىملىرى نامايىشچىلارنى كالتەكلىدى، ئوققا تۇتتى ۋە نەيزىلىدى. سىز بەلكىم شۇ قىرغىنچىلىقنىڭ ئەڭ مەشھۇر كۆرۈنۈشى — بىر قاتار تانكىلارنىڭ ئالدىدا يالغۇز تۇرغان خىتاي نامايىشچىسى <تانكا ئادىمى>نى ئەسلەيدىغانسىز. ئۇ چاغدا مەن ئاران ئون

ئىككى ياشتا ئىدىم، ئەمما <تانكا ئادىمى> خۇددى كۆز ئالدىمدىدەك ئېنىق يادىمدا. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ جەسۇرانە قارشىلىقى بۇ رەھىمسىز ۋە پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى.

(يۇقىرىقىسى كومپارتىيەنىڭ كامېراغا چۈشۈپ قالغان ۋەھشىيلىكى.) ئەمما كامېراغا چۈشۈپ قالمىغان ئەھۋاللاردىمۇ، كومپارتىيە ئوخشاشلا ئۆز خەلقىگە نىسبەتەن ئاشۇنداق ۋەھشىيانە باستۇرۇشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. نەچچە ئون يىللاردىن بېرى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلقنى نازارەت قىلىش، بويسۇندۇرۇش ۋە تىزگىنلەش ئۈچۈن زۇلمەتلىك بىر ساقچى دۆلىتى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ خەلقنىڭ نېمىنى كۆرۈشىنى، نېمىنى سۆزلىشىنى ۋە نېمىنى ئويلىشىنى كونترول قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. كومپارتىيە نېمىنى كونترول قىلىشقا قادىر بولالمىسا، شۇنى غايىب قىلىدۇ ۋە ۋەيران قىلىدۇ.

خۇددى رېگان دەۋرىدىكىگە ئوخشاش، بىزنىڭ يۇقىرى قاتلام سەرخىللىرىمىز ھېچكىمنىڭ ھەقىقەتنى ئېيتىشىنى خالىمايدۇ. خىتاي بىر رەزىل ئىمپېرىيە. ئۇ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھوقۇقنى تارتىۋالغاندىن باشلاپلا شۇنداق ئىدى، كومپارتىيەنىڭ پارتىيە خىتاينى ئىدارە قىلىشى داۋاملىشىپ تۇرسا، ئۇنىڭ ئاشۇ رەزىللىكى يەنىلا ئۆز پېتى داۋاملىشىدۇ. بىز كېيىنكى بابلاردا كوممۇنىست خىتاينىڭ ئامېرىكىغا قانداق تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما ئۇنىڭ چەتئەللەردىكى ئۆچمەنلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنىڭ قەلبىدىكى قەبىھ رەزىللىكنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇ رەزىل ئىمپېرىيەنىڭ قانداق قىلىپ ھوقۇق بېشىغا كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن گەپنى باشتىن باشلايمىز. ئاندىن پارتىيەنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ئۆز خەلقىنى قانداق ئەزگەنلىكى ۋە قىرغانلىقىغا نەزەر سالىمىز.

## قىزىل خىتاي — كوممۇنىست مۇستەبىتلەر

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى باشتىنلا ئۆزىنىڭ ئاشقۇن ئىدىيەسىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن رەھىمسىز زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ كەلدى. پارتىيەنىڭ تۇنجى «ئالىي رەھبىرى» (بۇ ئۇلارنىڭ «مۇستەبىت» دېگەن سۆزنى سىپايىلەشتۈرۈپ ئاتىشىدۇر) ماۋ زېدۇڭ بولۇپ، ئۇ تارىختىكى ئەڭ ۋەھشىي قاتىل سۈپىتىدە ھەتتا ئادولف گىتلېر ۋە جوسېف ستالىنىنمۇ بېسىپ چۈشكەن. كىشىنى چۆچۈتىدىغان بۇ پاكىت كۆپ تىلغا ئېلىنىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ماۋنىڭ ئەڭ كۆپ ئىنسان ئۆلتۈرگەن قاتىللىق پۈتۈنلەي ھەقىقەت. ئۇنىڭ بۇ

قانلىق ئىزى ئۇنىڭ ۋارىسى دېڭ شياۋپىڭ تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلدى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا شى جىنپىڭ تەرىپىدىن داۋاملاشماقتا.

كوممۇنىزمنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئادەتتە زوراۋان ئىنقىلابچىلىق ھەمراھ بولىدۇ. خىتايمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ۋىلادىمىر لېنىن ئەۋەتكەن سوۋېت جاسۇسلىرى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قۇرۇشقا ياردەملىشىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، يەنى 1927- يىلى خىتاي ئىچكى ئۇرۇشى باشلاندى. ئۇ چاغدا خىتايغا گومىنداڭ رەھبەرلىك قىلاتتى. ئۇلار ماۋ ۋە باشقا كوممۇنىست قوزغىلاڭچىلارغا قارشى جەڭ قىلغان ئىدى. گومىنداڭ دەسلەپتە جەڭ مەيدانىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولۇپ، 1934-يىلىغا كەلگەندە كوممۇنىستلار مەغلۇبىيەت گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

بىراق ماۋ قېچىپ كېتىش يولىنى تاللاپ، خىتاينىڭ تاغلىرى ۋە پاتقاقلىقلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر يىللىق قېچىش سەپىرىنى باشلىدى. بۇ مۇساپە كېيىنچە كوممۇنىستلارنىڭ تەشۋىقاتىدا قەھرىمانلارچە «ئۇزۇن يۈرۈش» دەپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. بۇ جاپالىق قېچىش ماۋنىڭ قوشۇنىغا ئېغىر تالاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. قوشۇننىڭ ئوندىن توققۇز قىسمى يا ئۆلۈپ تۈگىدى، ياكى قېچىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ماۋ بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ئىنقىلابىي رەھبىرى بولۇشتەك ئورنىنى يەنىلا مۇستەھكەملىۋالدى.

1937 - يىلى ياپونىيە خىتايغا قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش قوزغىدى. ياپونىيەنىڭ بۇ ھۇجۇمى كوممۇنىستلارنى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان دېيىشكە بولىدۇ. ماۋ كېيىنچە ياپونىيە ۋەكىللىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ: «ئەگەر شۇ قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىق بولمىغان بولسا، بىز بۈگۈنمۇ يەنىلا تاغلاردا يۈرگەن بولاتتۇق» دېگەن. خىتاينىڭ رەسمىي ھۆكۈمىتى بولغان گومىنداڭ (مىللەتچى پارتىيە) ياپونىيە ئارمىيەسى بىلەن جەڭ مەيدانلىرىدا بىۋاسىتە تىركىشىشكە مەجبۇر بولدى. ماۋ ۋە كوممۇنىست قوزغىلاڭچىلار بولسا پارتىزانلىق تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ۋە ئۆز كۈچىنى توپلىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، خىتاي ئىچكى ئۇرۇشى قايتا باشلاندى. تۆت يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان قانلىق ئۇرۇش جەريانىدا يەتتە مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ماۋ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن قايتا كۈچەيگەن كوممۇنىستلار ئۇرۇشتىن چارچىغان گومىنداڭنى مەغلۇپ قىلدى. گومىنداڭنىڭ قالدۇق كۈچلىرى 1949-يىلى تەيۋەنگە قاچتى.

يىگىرمە ئىككى يىللىق كۈرەشتىن كېيىن، ماۋنىڭ ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى. ئۇ گومىنداڭدىن ھوقۇقنى تارتىۋالدى ۋە كوممۇنىستىك خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. بىراق ماۋنىڭ ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى قورقۇنچلۇق قىلمىشلىرى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدىكى ۋەھشىيلىكلىرى ئالدىدا ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. چارەك ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ماۋ مەيلى قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۆلۈشىدىن قەتئىينەزەر، غايەت زور كۆلەملىك ۋە مەركەزلىك پىلانلانغان تۈرلەر ئارقىلىق كوممۇنىستىك ئىنقىلابنى ئەسەبىيلىك بىلەن ئىلگىرى

سۇردى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ھەرىكەت ماۋنىڭ تارىختىكى ئەڭ ۋەھشىي مەخلۇقلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە ماۋ تېرىلغۇ يەرلەرنى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۆز خەلقىنى ئاچ قويۇش ۋە قىيناش بەدىلىگە خىتاينى سانائەتلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. دېھقانلار دۆلەت ئۈچۈن پولات ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئېرىتىشكە مەجبۇرلاندى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يەنە تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق يېتىشتۈرۈشكە بۇيرۇلدى. ماۋ بۇ سىياسەتنى ئۆزى تۈزۈپ چىقتى. يەرلىك كوممۇنىستلار بولسا ئاشلىق ۋە ۋەھىمىنى قورال قىلىپ تۈزۈپ بۇنى ئىجرا قىلدى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تارىختىكى ئەڭ ئېغىر ئاچارچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1959- يىلدىن 1962 - يىلغىچە داۋاملاشقان بۇ ئاچارچىلىق 45 مىليوندەك خىتاينىڭ جېنىنى ئالدى ۋە بەزىلەرنى ھەتتا ئادەم يېيىش دەرىجىسىگە يەتكۈزدى. بۇ دەھشەتلىك بالايىئاپەتتىن تۆت يىل ئۆتكەندە، ماۋ كوممۇنىستىك پارتىيەنى تېخىمۇ ئاشقۇنلاشتۇرۇش ۋە ئەنئەنىۋى خىتاي جەمئىيىتىنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى قوزغىدى. ئۇ كوممۇنىزمغا گۇمان بىلەن قارايدۇ دەپ قارالغان ھەر قانداق كىشىنى تازىلاپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەسەبىي ئەگەشكۈچىلىرىنى «قىزىل قوغدىغۇچىلار» دەپ ئاتالدىغان يېرىم ھەربىي گۇرۇپپا سۈپىتىدە تەشكىللەپ، پۈتكۈل مەملىكەتتە ۋەھىمە پەيدا قىلدى. قالايمىقانچىلىق ئىچىدىكى زوراۋانلىق جەريانىدا ئىككى مىليونغىچە خىتاي ھاياتىدىن ئايرىلدى. ماۋ يەنە كوممۇنىستىك ئىدىيەسى يېتەرلىك ئەمەس دەپ قارالغان 20 مىليون شەھەر ئاھالىسىنى يېزىلارغا سۈرگۈن قىلدى، شۇنداقلا سان-ساناقسىز تارىخىي يادىكارلىقلارنى ۋە ئاسارە-ئەتىقىلەرنى ۋەيران قىلدى.

قىزىل قوغدىغۇچىلار «كونا» كىتابلارنى ساقلىغان، «كونا ئىدىيە»لەرگە ئىگە بولغان، ھەتتا زىيالىيلارنىڭ بەلگىسى دەپ قارالغان كۆزەينەك تاقىغانغا ئوخشاش ئەرزىمەس سەۋەبلەر بىلەن گۇناھسىز پۇقرالارنى كالتەكلىدى، قىيىندى ۋە ھاقارەتلىدى. كۆتۈپخانىلار كۆيدۈرۈۋېتىلدى، مۇزىكىلارنىڭ كۆپىنچىسى چەكلەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئەسەبىيلىكىنى تەسۋىرلەپ بېرىش تولىمۇ مۈشكۈل. بۇ قالايمىقانچىلىق 1976-يىلى ماۋ ئۆلگەندىنلا ئاندىن ئاخىرلاشتى. ماۋنىڭ ئەللىك يىل جەريانىدا خىتاي خەلقىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كوممۇنىست سەپداشلىرىغىمۇ ۋەھشىيلىك قىلىشنى نەزەردە تۇتقاندا، بەزى غەربلىكلەر خۇددى رۇس كوممۇنىستلىرى ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى ئەيىبلىگىنىگە ئوخشاش، پارتىيەنىڭ ماۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى ئەيىبلىشىنى كۈتكەن ئىدى.

بىراق بۇنىڭ ئەكسىچە، پارتىيە ماۋنى ئۇلۇغلاشتۇردى ۋە بۈگۈنمۇ يەنىلا شۇنداق قىلماقتا. زوراۋانلىق ۋە ۋەھىمە ئىزچىل داۋاملاشتى. ماۋدىن كېيىن ئالىي رەھبەرلىككە چىققان دېڭ شياۋپىڭ پارتىيەنىڭ بۇ مەنتىقىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «سەپداش ماۋ زېدۇڭغا بەرگەن باھايىمىز پەقەت ماۋ زېدۇڭنىڭ

شەخسىيىتىگىلا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. ماۋ زېدۇڭ پارتىيەمىزنىڭ تارىخى بىلەن بىر گەۋدىدۇر. ماۋنى قارىلاش دۆلىتىمىزنى قارىلىغانلىقتۇر.»

ماۋ ئۆلگەندىن كېيىن كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكى ماۋنى يەرلىككە قويماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭ جەسىتىنى مۇمىيالاپ، بۇگۈنگە قەدەر بېيجىڭدىكى ھەيۋەتلىك بىر خاتىرە سارىيىدا كۆز-كۆز قىلماقتا. ماۋنىڭ غايەت زور سۈرىتى يەنىلا تيەنئەنمېن مەيدانىدا ئېسىقلىق تۇرماقتا، خىتاي پۇلىنىڭ ئۈستىدىمۇ ئۇنىڭ سۈرىتى بار.

ماۋ بولمىغان بولسا، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىمۇ بولمىغان بولاتتى. خۇددى ئۇنىڭ جەسىتى ۋە سۈرىتى پايتەختنىڭ مەركىزىدە تۇرغىنىدەك، ئۇنىڭ ئەسلىمىسى ۋە قانخور ئىدىيەسىمۇ پارتىيەنىڭ قەلبىدە ياشىماقتا. شۇنداقتىمۇ سىرتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر «مۆتىدىل كوممۇنىستلار» ھەققىدىكى ئەپسانىلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق، خىتاي كوممۇنىزمىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئۆز-ئۆزىنى ئالداپ كەلمەكتە. غەرب كۆزەتكۈچىلىرى ئۇزۇندىن بېرى دېڭ شياۋپىڭ ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنى ماۋدىن ۋاز كەچتى، كوممۇنىزمنى تاشلىدى، سېپى ئۆزىدىن كاپىتالىستلارغا ئايلاندى، دەپ قاراپ كەلدى. مەسىلەن، پرېزىدېنت جىممى كارتېرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا «دېڭ شياۋپىڭ خىتاينى تېخىمۇ كۆپ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك بىلەن دۇنياغا ئېچىۋېتىشنى خالىغان» ھەمدە «خىتاي دېڭ شياۋپىڭ سەۋەبلىك ئىنتايىن ئوچۇق ئىقتىسادىي سىستېمىغا ئايلانغان.» ئەپسۇسكى، بۇ خىل خام خىياللار ئامېرىكا سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىنى نەچچە ئون يىلدىن بېرى خاتا يولغا باشلاپ كەلدى. ئەمەلىيەت شۇكى، كوممۇنىستىك پارتىيە ماۋ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھوقۇقىنى مەڭگۈلەشتۈرىدىغان ئىنقىلابىي پارتىيەدىن مۇقىم ھۆكۈمران پارتىيەگە ئۆتۈش جەريانىدا پەقەت تاكتىكىسىنىلا ئۆزگەرتتى.

مەسىلەن، خىتاي ئاياللىرىنىڭ بىردىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈشىنى چەكلەيدىغان رەھىمسىز «بىر پەرزەنت سىياسىتى» غا قاراپ باقايلى. كوممۇنىستىك پارتىيە نوپۇسنى ئازايتىش نامىدا ئۆزىنىڭ شۇملۇق قولىنى ئائىلىلەرگىچە ئۇزاتتى. بۇ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى نىشانىدۇر. خىتاي بۇ سىياسەتنى مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش، ئاياللارنىڭ ئىختىيارلىقسىز ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈزۈكى سالدۇرۇش ۋەياكى تۇغماس قىلىۋېتىش قاتارلىق رەزىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىجرا قىلدى. بىر پەرزەنت سىياسىتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەر 330 مىليوندىن ئارتۇق بالىنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلىشىگە ۋە تەخمىنەن 200 مىليون ئايالنىڭ تۇغماس قىلىۋېتىلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ سىياسەت ماۋ ئۆلۈپ ئۈچ يىلدىن كېيىن باشلىنىپ، قىرىق يىلغا يېقىن داۋاملاشتى — بۇنى ھەرگىزمۇ ئىسلاھ بولغان، ماۋدىن كېيىنىك مۆتىدىللەشكەن كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ بەلگىسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

«مۆتىدىل كوممۇنىستلار» ئەپسانىسى كۆپىنچە پاكار بويلۇق دېڭ شياۋپىڭنىڭ «دوستانە قىياپىتى»گە باغلىنىشلىقتۇر. ئۇ ھوقۇق بېشىغا چىققاندا داغدۇغا بىلەن يېڭى بىر «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» دەۋرىنى جاكارلىغان ئىدى. پارتىيەنىڭ ماۋ دەۋرىدىكى ۋەيران قىلغۇچ مەركەزگە باغلانغان پىلانلىق ئىقتىساد سىياسىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، چەتئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈشتەك بىر قىسىم بازار ئىسلاھاتلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىر ھەقىقەت. بىراق بۇ ئىسلاھاتلار خىتايىنى كاپىتالىستىك دېموكراتىيەگە ئايلاندۇرۇش ياكى ئادەتتىكى خىتاي پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پىلانلانغان ئىدى. دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك، خىتاي كومپارتىيىسى «كاپىتالىستىك قوراللارنى سوتسىيالىستىك قوللارغا» تۇتقۇزىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ باشتىن ئاخىر كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ نوپۇزىغا، ماركسىزم ۋە سوتسىيالىزمغا نىسبەتەن ھەر قانداق تەنقىدىي پىكىرلەرگە يول قويمىدى. ئۇ بىر قىسىم ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلارنى قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆز سەپداشلىرىغا «سىياسىي ھوقۇق بىزنىڭ قولىمىزدا» دەپ تەسەللىي بەردى. سىياسىي ئىسلاھاتقا كەلسەك، دېڭ شياۋپىڭ «ھوقۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىز پەقەت مۇستەبىتلىك ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ھەققىدە سۆزلەپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى ئەمەلىيەتتە قوللىنىشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ قارايتتى.

دېڭ شياۋپىڭ ئەمەلىيەتتە دەل ئاشۇنداق ۋاستىلەرنى قوللاندى. ئۇ 1989-يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى دېموكراتىيە تەلەپ قىلغۇچى نامايىشچىلارنى «پارتىيەنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى» دەپ ئەيىبلەپ ۋە «ئۇلارنى خالىغىنىنى دېيىشكە قويۇپ بەرمەيمىز» دەپ جاكارلاپ، مەزكۇر قىرغىنچىلىقنىڭ ئارقىسىدا تۇردى. شۇ قانغا بويالغان مەيداندا دېڭ شياۋپىڭ ۋە ئۇنىڭ كوممۇنىست سەپداشلىرى غەربنىڭ پۈلىنى قارشى ئېلىشى مۇمكىنلىكىنى، ئەمما غەربنىڭ ئىدىيەسىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھالبۇكى غەربنىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرى بىلىپ تۇرۇپ بۇ ساۋاقتا كۆز يۇمدى.

خۇددى ماۋ ئۆلگەندىكىگە ئوخشاش، خىتاي دېڭ شياۋپىڭ ھوقۇقتىن كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنىلا رەزىل ئىمپېرىيە ھالىتىنى ساقلاپ قالدى. ئۇنىڭ ۋارىسى جياڭ زېمىن پارتىيەنىڭ كوممۇنىستىك ئىدىيەگە خىزمەت قىلىدىغان بازار ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئەمەلىيىتىنى داۋاملاشتۇردى. بىراق ئۇ «دېموكراتىيە، ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك ھوقۇق دېگەنلەردىن ئىبارەت كاپىتالىستىك ساختىپەزلىكلەر»نى ئەيىبلىدى ۋە «غەربنىڭ سىياسىي ئەندىزىسىنى ھەرگىز كۆچۈرۈشكە بولمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. جياڭ زېمىن رۇسىيەدە كوممۇنىزمنىڭ گۇمران بولۇشىنى كۆزەتتى ۋە خىتاينىڭمۇ شۇنداق تەقدىرگە دۇچ كېلىشىدىن ساقلىنىشقا بەل باغلىدى. جياڭ زېمىن: «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بىزگە نۇرغۇن ساۋاقلارنى بەردى. بىز ماركسىزم بايرىقىنى خادىدىن چۈشۈرۈۋەتكىنىمىز يوق. ئەكسىچە ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئىرادىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتتۇق» دەپ جاكارلىدى.

كوممۇنىزمغا بولغان بۇ ساداقەت بۇگۈنمۇ داۋاملاشماقتا. خىتاينىڭ ھازىرقى ئالىي رەھبىرى شى جىنپىڭ كوممۇنىستىك ئىدىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئىسپاتلىماقتا. ئەمەلىيەتتە شى جىنپىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدېئولوگىيەسى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە. پارتىيەنىڭ نۇرغۇن ئەمەلدارلىرى چىرىكلىشىپ كەتتى، ماركسىزمغا بولغان قىزغىنلىق يېتەرلىك ئەمەس، دەپ قارالغان بىر پەيتتە، شى جىنپىڭ 2012 - يىلى پارتىيەنىڭ باش سېكرېتارلىقىغا كۆتۈرۈلدى.

ئۇ بىر قېتىملىق دەسلەپكى نۇتقىدا: «پارتىيەمىز ئىزچىل تۈردە ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەپ كەلدى» دەپ كۆرسەتتى. ئۇ زامانىۋىي خىتاينىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى «ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى»نىڭ نەتىجىسى دەپ بىلدى. شى جىنپىڭ يەنە: «تارىخ ۋە رېئاللىق بىزگە شۇنى ئۇقتۇردۇكى، خىتاينى پەقەت سوتسىيالىزم ئارقىلىقلا قۇتقۇزغىلى بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى. 2018-يىلى شى جىنپىڭ كارل ماركسنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىنى تەبرىكلەپ، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» نىڭ ئاپتورى ماركسنى «زامانىمىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى» دەپ ئاتىدى. ئۇ ھازىرمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىنى لېنىن، ستالىن ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيەدىن ۋاز كەچكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە: «ئەگەر بىز سوۋېت ئىتتىپاقى ستالىندىن ۋاز كەچكەندەك ماۋدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەن بولساق، بۈگۈن ھوقۇق بېشىدا بولمىغان بولاتتۇق» دېگەن. شى جىنپىڭ كوممۇنىستىك ئىدىيەلەرنىڭ بۇ يىغىندىسىنى «شى جىنپىڭ ئىدىيەسى» دەپ ئاتىدى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى 2017 - يىلى بۇنى ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىگە كىرگۈزدى.

شى جىنپىڭنىڭ ئەمەلىيىتى ئۇنىڭ سۆزلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ماس كەلدى. ئۇ ھوقۇق بېشىغا چىققاندىن كېيىن، لېنىن ۋە ستالىنىنمۇ سۆيۈندۈرگۈدەك دەرىجىدە كەڭ كۆلەملىك تازىلاش ھەرىكىتىنى باشلىدى. بۇ خىل قەرەللىك تازىلاشلار بۈگۈنگىچە داۋاملاشماقتا. ئۇ ئاممىۋى قاتلامدا ماۋغا ئوخشاش شەخسكە چوقۇنۇش ئاتموسفېراسىنى ياراتتى. مەسىلەن، پارتىيە شى جىنپىڭنىڭ «كىچىك قىزىل ئەپى»نى ئېلان قىلدى. بۇ ئەپ ئىشلەتكۈچىلەردىن كوممۇنىستىك ئىدىيە بويىچە ئىمتىھان ئالىدۇ ھەمدە ئۇلارنى شى جىنپىڭنىڭ ماقالىلىرى ۋە باشقا ماركسىزم كلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، بۇ ئەپنىڭ چۈشۈرۈلۈش قېتىم سانى 100 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى. پارتىيە يەنە دۆلەت رەئىسىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقىت چەكلىمىسىنى بىكار قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتىشىگە يول ئاچتى.

شى جىنپىڭ ما يۈنگە ئوخشاش تەسىر كۈچى زور سودىگەرلەرگە زەربە بەردى. مەشھۇر مىلياردېر ما يۈن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تەنقىد قىلغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ ئۇنىڭغا زەربە بەردى. شى جىنپىڭ يەنە شەخسىي كارخانىلار ئۈستىدىن پارتىيەنىڭ كونتروللۇقىنى قايتا كۈچەيتتى ھەمدە دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە دۆلەتكە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ھوقۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. شى جىنپىڭنىڭ ماۋدىن بۆيانقى «ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ

خەتەرلىك خىتاي رەھبىرى» دەپ ئاتىلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، پارتىيەنىڭ بىر ئەسىرلىك رەھىمسىز ۋە قانلىق تارىخىغا قارىماي، غەربنىڭ نۇرغۇن رەھبەرلىرى ۋە سەرخىللىرى خىتاينىڭ يەنىلا بىر رەزىل كوممۇنىستىك مۇستەبىت دۆلەت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلالماي كەلمەكتە. چۈنكى خىتاي كوممۇنىزمىنىڭ نۇرغۇنلىغان ۋەھشىيلىكلىرى پەقەت تارىخ كىتابلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى سىز بۇ كىتابنى ئوقۇۋاتقان مۇشۇ دەقىقىلەردىمۇ يۈز بەرمەكتە.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

ئىنگلىزچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى



# «ناخشا ئاڭلاش» جىنايىتى

سىمىنا مىسترىنۇ

# «ناخشا ئاڭلاش» جنايىتى[1]

ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ مەخسۇس خەۋىرى: خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا چەكلەنگەن ئۇيغۇرچە ناخشىلار سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىش بىلەن تەھدىت سالماقتا

بۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئېيتىلغان، كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان بىر خەلق ناخشىسىدۇر. ناخشىدا ئىشق ئوتىدا كۆيگەن بىر يىگىت ئۆزىنىڭ بەختكە تەلپۈنۈشىنى ۋە ئارزۇلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ ناخشىنى مەشرەپ ۋە توي-تۆكۈنلەردە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئاڭلاپ ۋە ئورۇنداپ كەلگەن.

ئەمدىلىكتە بولسا، ئەگەر ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر بۇ ناخشىنى تېلفۇنغا چۈشۈرسە، ئاڭلىسا ياكى توردا ھەمبەھرلىسە، تۈرمىگە تاشلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ.

ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا قەدىمىي شەھەر قەشقەردە ساقچىلار ۋە باشقا يەرلىك ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىنىنىڭ ئاۋاز خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، كەڭ تارقالغان ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى «بەش پەدە» خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مەسىلىلىك» دەپ بېكىتىلگەن ئونلىغان ئۇيغۇرچە ناخشىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. مەزكۇر ئاۋاز خاتىرىسىنى نورۋېگىيەنى بازا قىلغان، پايدا ئالمايدىغان «ئۇيغۇر ياردەم» (Uyghur Hjelp) تەشكىلاتى ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقىغا تەمىنلىگەن.

يىغىن جەريانىدا ھۆكۈمەت ئاھالىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، چەكلەنگەن ناخشىلارنى ئاڭلىغان، ئۈسكۈنىلىرىدە ساقلىغان ياكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ھەمبەھرلىگەنلەرنىڭ تۈرمىگە تاشلىنىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتقان. شۇنداقلا، يىغىن قاتناشچىلىرىغا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان سالاملىشىش سۆزى «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» غا ئوخشاش ئىبارىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش تەكىتلەنگەن، شۇنداقلا «خۇدايىمغا ئامانەت»، «ئاللاھقا ئامانەت» دېگەندەك ئىسلامىي تۈستىكى خوشلىشىش ئىپادىلىرىنى «كوممۇنىستىك پارتىيە سىزنى قوغدىسۇن» دېگەن ئىبارىگە ئالماشتۇرۇش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىلگەن. ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى بۇ ئۇچۇرلارغا بىر قېتىملىق ئاممۇۋى يىغىنىنىڭ ئاۋاز خاتىرىسى ئارقىلىق ئېرىشكەن.

[1] ماۋزۇ تەرجىمان تەرىپىدىن قويۇلدى.

مەزكۇر سىياسەت ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغان ئاھالىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىيارەتلەر ئارقىلىق دەلىللەندى. نۆۋەتتە چەتئەلدە ياشاۋاتقان بەزى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلە ئەزالىرى، دوستلىرى ۋە تونۇش-بىلىشلىرى ئۇيغۇرچە مۇزىكىلارنى ئاڭلىغانلىقى ياكى ھەمبەھرلىگەنلىكى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنغان. ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى يەنە ئۆتكەن يىلى «سەزگۈر» دەپ قارالغان ناخشىلارنى ئۆزىنىڭ بۇلۇت ساقلىغۇچ (Cloud storage) ھېسابىغا يۈكلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر ئۇيغۇر مۇزىكا ئىشلىگۈچىسىنىڭ سوت ھۆكۈمنامىسىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز قىيىنچىلىق ئىچىدە قولغا چۈشۈردى.

## بىرلا ناخشىنىڭ كەڭ كۆلەملىك زەربە بېرىش ھەرىكىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئاتاقتا «ئاپتونوم رايون» دەپ ئاتىلىدىغان، ئەمەلىيەتتە مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ ئىنتايىن ئېغىر كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندا ناخشا - مۇزىكىلارغا قارىتىلغان، يېڭىدىن باشلانغان بۇ زەربە بېرىش ھەرىكىتى ئۆتكەن ئون يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان باستۇرۇش سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە. كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىنىڭ ۋە چەتئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ باستۇرۇش سىياسەتلىرى 2017-يىلدىن 2019-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاز دېگەندە بىر مىليون ئۇيغۇر ۋە قازاق، قىرغىز، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ سوتسىز ھالدا تۇتقۇن قىلىنىشى بىلەن ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن.

2022-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندا كىشىلىك ھوقۇقتا دەخلى-تەرۇز قىلىش بىلەن ئەيىبلىدى ۋە بۇ قىلمىشلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىنلىكىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا بېيجىڭ كەڭ كۆلەملىك ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە مەجبۇرىي ئەمگەك، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە ئائىلىلەرنى پارچىلاش قاتارلىق ئەيىبلەشلەرگە دۇچ كەلمەكتە.

خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسەتلىرىنىڭ ئۆتكەنكى نەچچە ئون يىلدا رايوننى زىلزىلىگە سالغان، پات-پات يۈز بېرىپ تۇرغان زوراۋانلىق ۋەقەلىرىدىن كېيىن، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتقانلىقىنى تەكىتلەپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ 2001-يىلىدىكى «11-سېنتەبىر ۋەقەسى» تېررورلۇققا

قارشى تۇرۇش سىياسەتلىرىنى دۇنياۋى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، بېيجىڭ ئۆزىنىڭ بۇ خىل بايانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىر باياناتىدا: «خىتاي ھۆكۈمىتى زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ ماكانىنى يوقاتتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدىدى» دېدى.

باياناتتا يەنە مۇنداق دېيىلدى: «جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر شىنجاڭدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك تەشۋىقاتلىرىغا زەربە بەرگەنلىكىگە ئائىت ئاۋاز ۋە سىن خاتىرىلىرىنى ئالاھىدە رايون، مىللەت ۋە دىنلارغا باغلاش ئارقىلىق، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى غەرەزلىك ھالدا يوغىنىتىپ كۆرسەتتى.»

## شىنجاڭدىكى ئىزچىل باستۇرۇشنىڭ بىر ئېپادىسى

بېيجىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قالايمىقان تۇتقۇن قىلىش ئەيىبلەشلىرى سەۋەبلىك خەلقئارالىق قارشىلىقلارغا دۇچ كەلگەندىن كېيىن، 2019-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاتالمىش «تەربىيەلەش لاگېرلىرى»نىڭ تاقالغانلىقىنى ۋە رايوندىكى تۇرمۇشنىڭ نورماللاشقانلىقىنى دەۋا قىلدى. خىتاي ھازىر شەرقىي تۈركىستاننى ساياھەت نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇشنى نىشانلىماقتا.

مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي ئاسىيا تارىخى پەنلىرى بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك لېكتورى رىئان تۇمنىڭ (Rian Thum) ئېيتىشىچە، گەرچە جازا لاگېرلىرى ۋە پات-پات ئۇچراپ تۇرىدىغان قاتناش تەكشۈرۈش پونكىتلىرىغا ئوخشاش بىر قىسىم باستۇرۇش مېخانىزملىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما چەكلەنگەن ئاخشىلار تىزىملىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشنىڭ، گەرچە سەل يوشۇرۇنراق بولسىمۇ يەنىلا داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىكەن.

كۆزگە بەك چېلىقىپ كەتمەيدىغان باشقا كونترول قىلىش شەكىللىرى ياتاقلىق مەكتەپلەرنىڭ كېڭەيتىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئائىلىسىدىن ئايرىلغان ھالدا تەربىيەلىنىدۇ ۋە ئاساسەن دېگۈدەك پەقەت خىتاي تىلىدىلا تەلىم ئالىدۇ. شۇنداقلا تېلېفونلاردىكى سەزگۈر مەزمۇنلارنى تاسادىپىي تەكشۈرۈپ تۇرۇشمۇ ئومۇملاشقان.

رىئان تۆمىنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن مۇددەتلىك كونتروللۇق ئورنىتىش سىياسىتىنى نورماللاشتۇرۇش ھالىتىدە ئىكەن.

ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «كىشىلەرنىڭ <خاتا> ناخشىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنىش بىلەن تەھدىتكە ئۇچرىغانلىقى، تۇتۇپ تۇرۇلغانلىقى ياكى تۈرمىگە تاشلانغانلىقى ھەققىدىكى بۇ بايانلارنى ئاڭلاپ ھەرگىزمۇ ھەيران قالمىدىم. بۇ خىل ئەھۋاللار ھەرگىز توختاپ قالغىنى يوق.»

## يەتتە تۈرلۈك «مەسىلىلىك» ناخشا

قەشقەردىكى يىغىن جەريانىدا دائىرىلەر ئالدىن تەييارلانغان بىر ئاۋازلىق ئۇقتۇرۇشنى ئاڭلىتىپ، ئاھالىلەرنى «مەسىلىلىك» دەپ ئاتالغان يەتتە تۈرلۈك ناخشىلارنى ئاڭلاش، چۈشۈرۈش ۋە ھەمبەھىرلەشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

بۇ ناخشىلار «بەش پەدە»گە ئوخشاش ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرىدىن تارتىپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە مۇزىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىنىڭ (SOAS) مىللىي مۇزىكاشۇناسلىق پروفېسسورى رەچىل خارىسنىڭ (Rachel Harris) ئېيتىشىچە، «بەش پەدە»نىڭ دىنىي ئەسەبىيلىككە قۇترىتقۇلۇق قىلىش بىلەن ئاساسەن ئالاقىسى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىكى دىنىي مەزمۇنلار سەۋەبلىك «مەسىلىلىك» دەپ بېكىتىلگەن.

دىنىي ئىپادىلەرنى نىشان قىلىش خىتاينىڭ زەربە بېرىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈك تېمىسى بولۇپ كەلدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ھەر قانداق جامائەت خاراكتېرلىك تەشكىللىنىشكە، بولۇپمۇ دىنغا چېتىشلىق ئىشلارغا گۇمان بىلەن قارايدۇ. ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە ئاھالىلەر ناماز ئوقۇغانلىقى، روزا تۇتقانلىقى ۋە دىنىي كىتابلارنى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىندى. مەسچىتلەر باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان شەكىلدە ئۆزگەرتىلدى ياكى ئەسلىدىكى رولىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلدى.

لوندوندا ياشايدىغان ئۇيغۇر ناخشىچى رەھىمە مەھمۇت مۇنداق دەيدۇ: «مۇزىكا مېنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان، ئۇنى ئېلىپ تاشلاش خۇددى روھنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەك بىر ئىش.»

ھەتتا بىر زامانلاردا دۆلەت تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا كۆرسىتىلگەن ناخشىلارمۇ چەكلەندى. ئىسلامچە سالاملىشىش سۆزىنى ئەزان ئۇسلۇبىدا تولاش بىلەن باشلىنىدىغان «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» ناملىق مودا ناخشا، دۆلەت ئىلكىدىكى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر «ئاۋاز» (The Voice)

پروگرامىمىسىنىڭ نۇسخىسى بولغان «يېپەك يولى ساداسى» ناملىق تالانت كۆرسىتىش پروگرامىمىسىدا ئورۇنلانغان ئىدى.

بۇ نومۇر ختاي ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى شىددەت بىلەن كۈچەيتىشكە باشلىغان يىلى، يەنى 2016-يىلى كۆرسىتىلگەن. بۇ ناخشا ئەمەلىيەتتە «كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقى» ئۈچۈن مەنئى قىلىندى.

مەسىلىلىك ناخشىلارنىڭ يەنە بىر تۈرى «تېرورلۇققا، ئەسەبىيلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان ۋە ختاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قارا سۇركەيدىغان» ناخشىلاردۇر. تىزىملىكتىكى ناخشىلار ئارىسىدا تۇتقۇندىكى ئۇيغۇر شائىرى ئابدۇقادىر جالالىدىنىڭ «يانارىم يوق» (No Road Back Home) ناملىق شېئىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن «يانارىم يوق» ناملىق ناخشىمۇ بار. ئۈمىدسىزلىك ۋە قاپسىلىپ قالغانلىق تۇيغۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ ھەسرەتلىك ناخشا يېقىنقى يىللاردا چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ ئاڭلانغان نۇسخىلىرىدىن بىرىنى تۈركىيەلىك بەزى ئۇيغۇر ناخشىچىلار ئورۇنلىغان.

مەشھۇر ئۇيغۇر مۇزىكانتى ئابدۇرېھىم ھېيىتنىڭ «ئاتىلار» ناملىق ناخشىسىمۇ تېرورلۇق ۋە ئەسەبىيلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىش بىلەن ئەيىبلەنمەكتە. خاررىسنىڭ ئېيتىشىچە، مىللىي پۇراقتىكى بۇ ناخشىدا ئۇيغۇر ئاتىلارنىڭ جەڭگە تەييار شېھىتلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشى، ئۇنىڭ «مەسىلىلىك» دەپ بېكىتىلىشىگە سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئابدۇرېھىم ھېيىت باشقا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر سەنئەتكارلارغا ئوخشاشلا، ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ھەرىكىتى ئەڭ ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە تۇتقۇن قىلىنغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھېلىھەم تۇتقۇندا تۇرماقتا.

ئەمەلىيەتتە «نيۇ لاينز ئىنستىتۇتى»نىڭ (New Lines Institute) ئۇيغۇر مەسىلىسى مۇتەخەسسىسى، تەكلىپلىك يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچى ئېلىس ئاندېرسوننىڭ ئېيتىشىچە، چەكلەنگەن ناخشىلارنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر تۇتقۇندا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ياكى ئورۇنلانغان.

ئاندېرسون چەكلەنگەن ناخشىلارغا چېتىشلىق سەنئەتكارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلمىسىمۇ، ئەمما «كەم دېگەندە بىر قىسمى شۇنداق بولدى» دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

«مېنىڭچە دەل شۇ شەخسلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەۋەبلىكلا، ئۇ ناخشىلار خەتەرلىك ۋە سەزگۈر دەپ قارىلىدۇ».

### تورغا ناخشا چىقارغانلىقى سەۋەبلىك ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى

قەشقەردىكى يىغىندا دائىرىلەر قولدا يۇقىرىدا سۆزى بولۇنغان دائىرىدىكى ناخشىلار بايقالغان كىشىلەرنىڭ «قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقى»نى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما كونكرېت جازا تۈرىنى تىلغا ئالمىغان. بۇ دائىرىلەرنىڭ جازانى ئىجرا قىلىشتا خالىغانچە ئىش كۆرۈشىگە يول ئاچىدۇ. ئالدىن تەييارلانغان ئاۋازلىق ئۇقتۇرۇشتا، يېقىندىن چەكلەنگەن ناخشىلار تېپىلغان بىر قانچە كىشىلەردىن مىسال كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلار ئون كۈنلۈك قاماق جازاسىنى ئۆتىگەن.

ئۇيغۇر مۇزىكا ئىشلىگۈچىسى ياشار شۆھرەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جازا تېخىمۇ ئېغىر بولغان.

بۇ 27 ياشلىق يىگىت 2023-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۆرتالا شەھىرىدە «ئەسەبىيلىكنى تەشۋىق قىلىش» جىنايىتى بىلەن تۇتقۇن قىلىنغان. سوت ھۆكۈمنامىسىگە ئاساسلانغاندا، ياشار شۆھرەت 42 دانە «مەسىلىلىك» ناخشا يازغان ۋە ئىشلىگەن، ھەممە ئۇلارنى خىتاينىڭ تور مۇزىكا مۇلازىمەت سۇپىسى بولغان «ۋاڭيىيۇن مۇزىكا قۇتىسى» دىكى شەخسىي ھېسابىغا يۈكلىگەن. ھۆججەتتە يەنە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ يەنە سەككىز دانە «مەسىلىلىك» ئېلېكترونلۇق كىتابنى تېلفۇنىغا چۈشۈرگەنلىكى ئۈچۈنمۇ جىنايەتچى دەپ بېكىتىلگەن. نەتىجىدە ئۇنىڭغا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن ۋە ئۈچ مىڭ يۈەن (تەخمىنەن 420 دوللار) جەرىمانە قويۇلغان.

ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى زىيارەت قىلغان ئىككى ئۇيغۇر ئۆزلىرىنىڭمۇ ناخشا چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتتى. زەربە بېرىشتىن ئەنسىرەپ ئىسمىنى ئاشكارىلىماسلىقنى تەلەپ قىلغان بىر كىشىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇ چەت ئەلدە ياشايدىغان يەنە بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇدىكى يازمىسىغا باھا بەرگەنلىكى ئۈچۈن ساقچىخانىغا چاقىرىلغان ۋە تېلفۇنى تەكشۈرۈلگەن. ئۇ ساقچىخانىدا تۇرغاندا مەلۇم ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى ساقلىغانلىقى ياكى ھەمبەھرلىگەنلىكى ئۈچۈنلا چاقىرىلغان باشقا كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقنى ۋە پاراڭلاشقانلىقىنى ئېيتتى.

يەنە بىر تەرەپتىن، شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن بىر سابىق ئەمەلدارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بىر دوستى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى چالغانلىقى ۋە ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ئون يىلدىن ئارتۇق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە بۇ خىل سەنئەت سىنىلىرىنى كۆرگەن بىر قانچە ئائىلە

ئەزالىرى ۋە دوستلىرىمۇ جازالانغان. ئامېرىكا بىرلەشمە ئاگېنتلىقى زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ بۇ ئىددىئالىرىنى مۇستەقىل هالدا دەلىللەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى.

يەنە بىر ۋەقەدە، مەزكۇر ئەمەلدار ئىككى ئۆسمۈرنىڭ توردا ئۇيغۇرچە ناخشا هەمبەهرلىگەنلىكى ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئالدى.

بۇ سابىق ئەمەلدار ئاشۇ ئۆسمۈرلەر توغرۇلۇق: «ئۇلار ئۇندىدارلاردا بىر-بىرىگە ئۇيغۇرچە ناخشا ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان» دېدى ۋە سۆزىنى مۇنداق داۋاملاشتۇردى: «بۇ ئىش ئېسىمدە ناهايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا بىز: <ئۇلار زادى قانداق ناخشا ئاڭلىغاندۇ؟ ناخشا ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن قانداقمۇ ئادەم تۇتقىلى بولسۇن؟> دېيىشكەن ئىدۇق».

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://apnews.com/article/china-uyghur-banned-songs-xinjiang-f63ad27225ab1fc021c8d8949ca799c4


ئۇيغۇر تارىخى
تەۋەررۇك ئەسكەر ئابدۇرېشىت
هاجى كېرىمى
هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# تەۋەررۈك ئەسكەر ئابدۇرېشت هاجى كېرىمى

هاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

(2025 ـ يىلى، 12 ـ ئاي)

ئابدۇرېشت هاجى كېرىمى مىلادىيە 1943 ـ يىلى 17 ـ ئاۋغۇست سەيشەنبە كۈنى ئەزىزانە قەشقەردە دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمۇ خۇددى دەۋردىشى ئابدۇرېهىم سابىت ئەپەندىگە ئوخشاش ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى داۋالغۇپ تۇرغان قەشقەر ۋەزىيىتىگە توغرا كەلگەن ئىدى. 1949 ـ يىلى كۆزدىن كېيىنكى سىياسىي ۋەزىيەت ئۇيغۇرلارنى ئەلەم بىلەن كۆرەش قىلىشتىن مەھرۇم قىلىپ، قەلەم بىلەن كۆرەش قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ۋەزىيەتنىڭ ئەنە شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئابدۇرېشت هاجى كېرىمى ۋە سەپداشلىرى يوشۇرۇنچە ئەلەم بىلەن كۆرەش قىلىش يولىدىن ۋاز كەچمىدى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ ھىممىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئەزالىرى مىليونغا يەتكەن ۋە دۈشمەننى قاتتىق ئالاقزادە قىلغۇەتكەن «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قۇرۇلدى.

دەرۋەقە 1960 ـ ۋە 1970 ـ يىللىرى ئۇيغۇر هازىرقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ پاجىئەلىك يىللار بولۇپ، بۇ ھەقتە تىرىك شاھىتلاردىن ئابدۇرېشت هاجى كېرىمى شۇنداق گۇۋاھلىق بەرگەن ئىدى:

1969 ـ يىلى 25 ـ يانۋار، خىتاي ج خ ئورگانلىرى رازۋېتكا كۈچلىرى جۈئېنلەيگە شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ھەققىدىكى جىددىي دوكلاتنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى جىددىي ئەسكەر يۆتكەپ، شۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئەزىز ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا چوڭ تازىلاش ئېلىپ باردى. شۇ يىلى 25 ـ ئىيۇن ( يەنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى) خىتاي كەڭ كۆلەملىك تازىلاش قوزغاپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا يۈز مىڭدىن ئارتۇق ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەرنى قولغا ئالدى. 1969 ـ يىلى 23 ـ ئاۋغۇستتىكى ئەڭ ئاخىرقى قوراللىق قوزغىلاڭ قانلىق باستۇرۇلۇپ، 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» نىقابى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىنى تۇتۇش، تۈرمىلەرگە

تاشلاش ئارقىلىق باستۇردى. 1970 ـ يىلدىن باشلاپ «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» شوئارى بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرىغا «مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇر»، «ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر»، «شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر»، «پانتۈركىست»... دېگەندەك قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ، تۇتۇپ ـ سولاپ، جازالاشقا باشلىدى. ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيانە قىيىن ـ قىستاق بىلەن سوراق قىلىپ، مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش، مەخپىي سوتلاش، ئاشكارا ھۆكۈم چىقىرىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ھەيۋە كۆرسىتىپ قورقۇتۇش، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش مەقسىتىدە، قولغا ئېلىنغان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۆلۈم جازاسى بەردى. ئاز بولمىغان ئەزىمەتلىرىمىزگە مۇددەتلىك ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەردى. ۋەتەن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. ھەممە يەردە تۇت ـ تۇت، ۋەھىمە، سۈرلۈك بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ختاي ھاكىمىيىتى بۇ قېتىمقى باستۇرۇشتا يەرلىك ھەربىي رايونلىرىغا ئىشەنمىدىمۇ قانداق، ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى لەنجۇ، سىچۈەن ھەربىي رايونلىرىدىن ئونمىڭلاپ ئەسكىرىي كۈچنى يۆتكەپ كېلىپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇردى. ئۆلۈم جازاسى بېرىش ھوقۇقى ئەزەلدىن «ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى» تەرىپىدىن ئىجرا قىلىناتتى. نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە يەرلىك سوت مەھكىمىلىرى ئۆز ئالدىغا سوت ئېچىپ ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغان ۋە دەرھال ئىجرا قىلىدىغان ئالاھىدە ھوقۇققا ئېرىشكەن ئىدى.

مانا مۇشۇنداق قارا زۇلمەتلىك كۈنلەردە ھەركۈنى دېگۈدەك ئۆلۈم جازالىرى بېرىلىپ، ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنلىرىنى ئېچىپ، خەلقنى مەجبۇرىي يىغىنغا قاتناشتۇرۇپ قىرغىنچىلىقنى باشلىدى.

1970 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ مىجىت سىلىڭ (مىجىت ساقى)، روزى ھېكىم، مۇھەممەد ئىمىن قادىر، يۈسۈپ قادىر داۋۇت قاتارلىق كىشىلەرگە ئاشكارا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، جازانى قەشقەر، مەكىت ناھىيىلىرىدە ئىجرا قىلدى.

1970ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنى بۆرتالادا شەيخ ھاجى، ئابدۇكېرىم خۇدابەردى، مەمەت ئىمىن ئىيسابايوپلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، نەق مەيداندا ئىجرا قىلدى.

1970ـ يىلى 5ـ ئاينىڭ 29ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ چۆچەك ـ تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىكى يېتەكچىلىرىدىن توختى قۇربان، نىياز ئۆمەر، ئابدۇرېھىم باقى، ئەمەت ئاخۇن، ئىمىنجان ئىكرام، ھوشۇر قارى، ئىمىن ئىيسا، مەمتىمىن باي، دولقۇن ئىبراھىم قاتارلىقلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ شېھىت قىلىندى.

ئىنقىلابىي رەھبىرىمىز، مىللىي ئارمىيە قوماندانلىرىدىن بولغان، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن ئىمىنوپ دوختۇرخانىدا سۇيىقەست بىلەن زەھەرلىنىك ئوكۇل بېرىپ ئۆلتۈرۈلدى.

1970 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارچە ۋىلايەت، شەھەرلىرىدە بىرلا ۋاقىتتا ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىپ، 78 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، جازا نەق مەيداندا، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئىجرا قىلىندى. پەقەت ئالتاي ۋىلايىتىدىلا 23 كىشىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ئىدى.

شۇ كۈنى غۇلجىدا ئابابەكرى زاھىر، مۆمىن قارى، ئابدۇجاپپار، سابىر، ئىسمائىل ئابدۇغېنى، خوجا ئەخمەت، دوغمەت قادىر، ئاسلىخان، مۇقان، ھەنىپە، يۈسۈپ مۇسا قاتارلىق كىشىلەرنى سوت قىلمايلا ئوچۇق ئاشكارا ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، ئۆلۈم جازاسى بېرىپ قەتلە قىلدى.

توققۇزتارادا رەجەپ، ئابدۇكېرىم، نىلقىدا ئەخمەتجان، موڭغۇلكۈرەدە قايدار، تېكەستە ھاكى مەمەت قاتارلىقلار شۇ كۈنى خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىپ قەتلە قىلىندى.

بۇ مەن قارا جۇلدىكى جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ، جىنايى جازاغا تارتىلىپ، كېسىلىپ ۋىلايەتلىك تۈرمىدە قاماقتا ياتقان كۈنلىرىم ئىدى. بۇ 1970 ـ يىلى 9 ـ ئايلار ئۆپچۆرىسىدە بولغان ئىش ئىدى. بىزنى ئايدا بىر قېتىم ياكى 20 كۈندە بىر قېتىم ئاپتاپقا ئاچىقىپ ھاۋالاندۇراتتى. ئۇ كۈننى «يورۇق دۇنياغا چىققان كۈنىمىز» دەپ ئاتايتتۇق. چۈنكى تۈرمىگە كۈن نۇرى چۈشمەيتتى. ئۈچ كىشىلىك كامېرنىڭ پولات ئىشىكلىك كىچىككىنە تۆشۈكىدىن ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ تاماق بېرىپ، تەرەت قاچىلىرىمىزنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن خالاغا بېرىشقا ئازغىنە ۋاقىت بېرەتتى. شۇ باھانىدە قاچىلارنى بىكارلاپ كېلىۋالاتتۇق، باشقا ۋاقىتتا ئۆيىنىڭ ئىچىگە تەرەت قىلىپ ياشايتتۇق. ئاپتاپقا ئەپچىقىدىغان نۆۋەت كەلگەن كۈنى ئىدى. ئاپتاپقا چىقتىم. مەخەت تېخىچە تۈرمىدە بار ئىكەن. ئۇنىڭغا سالام قىلسام: «بىزنى كۆن ئالغىلى قويۇشسىلا، بىر ئېغىز گەپ قىلغانغا، ھېلىغىچە تۈرمىدە يېتىۋاتىمەن، سىلىنىڭ كەينىلىرىدىن مېڭىپ، تېگى يوق ئىنقىلابتا ئاز خاپىلىق تارتمىدىم. سىلى بىلەن گەپلەشكەننى بىرى كۆرسە، بۇ نېمىلەرنىڭ راستىنلا چېتىشلىقى بارىكەن دەپ، مېنى يەنە ئۇزۇن قاماپ قويىدۇ، ماڭا گەپ قىلمىسىلا!» دەپ بولۇپ كەتمەكچى بولىۋىدى، مەن «قورقما، بىز ھېچ ئىش قىلمىدۇق، سەن بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى يوق» دېسەممۇ، «غوجام، خۇدا ھەققى گەپ قىلمىسىلا، سىلە يەنە ھېچ ئىش قىلمىدۇق دېيىشىۋاتىلا، ھەر بىرلىرى بالا ـ قازا ئىكەنلا، شۇنچىلا ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە تېخى ھېچ ئىش قىلمىدۇق دېيىشىلا، يەنە نېمە قىلسىلىرى بولاتتى! بولدى قىلسىلا، ماڭا گەپ

قىلمىسلا، بىرى كۆرۈپ قالسا ئىشىنىڭ چوڭى چىقىدۇ» دەپ كېتىپ قالغان ئىدى.

2007 ـ يىلى 11 ـ ئايدا سابىق «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نىڭ ھايات قالغان ئەزالىرىدىن بىرى بولغان شىۋىتسىيەدىكى ئۇيغۇر زىيالىسى ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمنىڭ «قاراجۇلدىكى جەڭ» ناملىق ئەسىرى نەشىردىن چىقىپ، باسمىغا بېرىلدى.

«قاراجۇلدىكى جەڭ» دىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ كىتاب شەكلىدە رەسمىي ئېلان قىلىنىشى مۇھاجىرەت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، بۇ ئەسەر ئاپتور ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 1960 ـ يىللاردا خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەمەلىي پاكىت ۋە تارىخىي ئىسپاتلار بىلەن تەپسىلىي يورۇتۇپ بەرگەن ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، مەزكۇر قوراللىق ئىنقىلابىنىڭ ئىشتىراكچىسى ۋە ھايات قالغان بىردىن بىر شاھىدى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چەتئەلدىكى ئۇزۇن يىللىق تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە، مەزكۇر قوراللىق ئىنقىلاب ھەققىدىكى بارچە ئەسلىمىلەرنى توپلاپ ۋە ۋەتەن ئىچىدىن تۈرلۈك كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىگىلەپ «قاراجۇلدىكى جەڭ» ناملىق ئەسىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان. مەزكۇر ئەسەردە «قاراجۇلدىكى جەڭ» نىڭ جەريانىدىن باشقا، مۇھىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھايات كەچمىشلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇ مەزكۇر ئەسلىمىسىنى يېزىۋاتقاندا ئۆزى بىلەن قوشقاندا، سابىق «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نىڭ چەتئەللەردە ھايات قالغان ئەزالىرىدىن ئەخمەت ئىگەمبەردى ۋە ئابلىكىم باقى ئىلتەبىردىن ئىبارەت ئۈچلا كىشى بارلىقىنى، «قاراجۇلدىكى جەڭ» ناملىق ئەسەر ھەققىدە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يازغۇچى سىدىق ھاجى روزى ۋە پروفېسسور سۇلتان مەھمۇد قەشقىرى ئەپەندىلەرنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئالغان.

«قارا جۇلدىكى جەڭ» ناملىق ئەسەر شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى قەشقەر بيۇروسىنىڭ باش سېكرېتارى، مەرھۇم قوماندان ئاخۇنوف ۋە سەپداشلىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئالتە باب، 256 بەتتىن تەركىب تاپقان.

ئاپتور بۇ ئەسەردە شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى قەشقەر بيۇروسىنىڭ باش سېكرېتارى ئاخۇنوف ۋە سەپداشلىرىنىڭ قەشقەردە ئېلىپ بارغان قوراللىق قوزغىلىڭىنى تەسۋىرلىگەن.

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، قاراجۇلدىكى جەڭ سابىق «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر قېتىملىق خەلق قوزغىلىڭى بولۇپ، بۇ قوراللىق قوزغىلاڭ 1969 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قەشقەردە يۈز بەرگەن. «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» رەھبەرلىك ئورگىنى ئەينى چاغدا پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا كەڭ كۆلەملىك قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان ھالقىلىق بىر پەيتتە، مەخپىيەتلىك پاش بولۇپ قېلىپ، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك تۇتقۇن قىلىشىغا ئۇچرىغان.

شۇ قېتىمقى تۇتقۇندا، ئاز دېگەندە 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قولغا ئېلىنغان. 800 گە يېقىن كىشى ئۈستىدىن ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ، ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. 2000 دىن ئارتۇق كىشى مۇددەتسىز ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازالىرىغا مەھكۇم قىلىنغان.

1969 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خىتاي دائىرىلىرى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» ئەزالىرىنى تۇتقۇن قىلىش ھەرىكەتلىرىنى باشلىغان.

خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان تۇردى ئېلى، ئابدۇرېھىم ئايۇپ، ئابدۇرېھىم پىتەك، ئابدۇرېھىم ئېمىنوف، ئوبۇلقاسىم ھامىت قاتارلىق كىشىلەر ئەسلىدە «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قەشقەر شۆبىسىنىڭ رەھبىرى خادىملىرى بولۇپ، ئۇلار بۇ قېتىمقى قوراللىق قوزغىلاڭدىن ئىلگىرى، خىتاي دائىرىلىرى ئېلىپ بارغان تۇتقۇن قىلىش ھەرىكەتلىرىدە قولغا ئېلىنغان. بۇ ۋەجىدىن قەشقەردىكى قوراللىق كۈچلەر قوزغىلاڭنى مۇددەتتىن بۇرۇن باشلاشقا مەجبۇر بولغان.

1969ـ يىلى، 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى باشلاپ قوزغىلاڭچىلار خىتاي ھەربىي كۈچلىرى بىلەن قانلىق توقۇنۇشىدۇ. قەشقەردىكى قوراللىق قوزغىلاڭ قوماندانلىق شىتابىنىڭ رەھبىرى ئاخۇنوپ قاتارلىق كىشىلەر ئىككى كۈنلۈك كەسكىن ئېلىشىشتىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خىتاي ئارمىيىسىنىڭ قەشقەردىكى ھەربىي مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ چىقىپ، بۈگۈنكى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تەۋەسىدىكى قاراجۇل يېزىسىغا توپلىنىدۇ. ئۇلار يول بويى ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەن ئارمىيىسى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىپ، خىتايلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان يەكەن، مارالبېشى، مەكىت، يېڭىسار، يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەردىكى «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» نىڭ قوراللىق كۈچلىرىمۇ، بۇيرۇققا بىنائەن كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، قاراجۇل يېزىسىغا يېتىپ كەلمەكچى بولغان بولسىمۇ، يولدا توسۇپ زەربە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان خىتاي ئارمىيىسىگە دۇچ كېلىپ، كەسكىن جەڭلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە نۇرغۇنلىغان كىشى شەھىد بولىدۇ ۋە دۈشمەن ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

قاراجۇل يېزىسىدا خىتاي ئارمىيىسى بىلەن قەشقەردىن چىققان «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نىڭ ئاخىرقى قوراللىق كۈچلىرى ئارىسىدا جىددىي ئېتىشىش يۈز بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە ئاخۇنوپ، مىجىت، خەيرۇللاھ، ئوسمانجان، مەرگەن قاتارلىق «شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» قوماندانلىق شتابىنىڭ رەھبەرلىرى جەڭ مەيدانىدا شېھىد بولىدۇ. ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى يازغان «قاراجۇلدىكى جەڭ» ناملىق بۇ ئەسەردە مانا شۇ ۋەقەلىك تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

1970 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى قەشقەردە ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، يەنە يەتمىش سەككىز نەپەر ئۇيغۇر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئونلىغان كىشىگە ئېغىر قاماق جازاسى بېرىلگەن. قاماق جازاسى بېرىلگەنلەر قاتارىدا «قاراجۇلدىكى جەڭ» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ئەپەندىمۇ بولۇپ، ئۇ خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى» دەپ ئاتالغان تۈرمىسىدا 15 يىللىق جازا مۇددىتى ئۆتەشكە مەجبۇر بولغان.

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى 1969 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يۈز بەرگەن «قاراجۇلدىكى جەڭ» ئاخىرلىشىشتىن ئىلگىرى، يەنى 1969 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان ۋاقتىدا، خىتاي ئارمىيىسىگە ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جەڭ مەيدانىدا شېھىد بولغان. ھايات قالغانلىرى بولسا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى 1984 ـ يىلى 22 ـ ئاۋغۇستتا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىزچىل ھالدا ئېغىر بېسىملىرىغا ئۇچراپ كۆپ ئەزىيەت تارتقان. خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قايتىدىن قولغا ئېلىنىش خەۋپىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن، 1995 ـ يىلى ۋەتىنىنى تەرك ئېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ھازىرغىچە خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچراپ كەلمەكتە.

ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ تۈركىيەدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقان بىر ئوغلى 1997 ـ يىلى «مىللىي بۆلگۈنچى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىپ توققۇز يىللىق قاماق جازاسىغا ئۇچرىغان ۋە ھازىرغىچە قويۇپ بېرىلمىگەن. بۇ سەۋەبلىك ئابدۇرېشىت ئەپەندى ئايالى، بالا چاقىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن تېلفوندا سۆزلىشىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمىنىڭ ئائىلىسى «تېرورىستلار ئائىلىسى» دېگەن تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش ھوقۇقى ۋە چەتئەللەرگە چىقىش ھوقۇقى مەنئى قىلىنغان.

بۇ يىل 82 ياشقا كىرگەن بۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچى ھازىرمۇ شۇبېتسىيىدە يالغۇز ياشاۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئاخىرقى ھاياتىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ۋە تارىخىي تېمىلاردىكى يېزىقچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىغان. ئۇ ھازىر «ئەڭ ئاخىرقى ئەسكەر» ناملىق ئەڭ ئاخىرقى بىباھا ئەسلىمىسىنى يېزىۋاتقان بولۇپ، بىز ئۇنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئۆمرىگە بەرىكەت، ئىلمىي ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەيمىز.

ئۇيغۇر تەتقىقاتى






# ھىندىستان تۈرمىسىدىكى ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا-ئۇكا

# ھىندىستان تۈرمىسىدىكى ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا ـ ئۇكا

سوت ھۆججەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، 2013 - يىلى 12 - ئىيۇن كەچتە ھىندىستان ئارمىيەسى لاداخنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوندا، ئادەمسىز ۋە چەت چۆللۈك بولغان سۇلتان چۇسكۇدا «چېگرىدىن قانۇنسىز بۆسۈپ كىرگەن» دەپ قارالغان ئۈچ كىشىنى قولغا ئالغان.

بۇ ئۈچەيلەن ئاكا-ئۇكا بولۇپ — 23 ياشلىق ئادىل، 22 ياشلىق ئابدۇخالىق ۋە 20 ياشلىق سالىھ لاداخ بىلەن چېگرىداش بولغان شەرقىي تۈركىستان رايونىدىن يولغا چىقىپ، ھىمالايا تېغىنىڭ مۇشكۈل يوللىرىدا ئاپتوبۇس بىلەن ۋە پىيادە بولۇپ جەمئىي 13 كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئېنىق بەلگە قويۇلمىغان، تالاش-تارتىشتىكى چېگرا رايوندا كۆرگەن.

بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا ھىندىستان ئارمىيەسى ئەمەلدارلىرىغا خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارىتىلغان باستۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بىر قانچەيلەننى تۇتقۇن قىلىش مەركەزلىرىگە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى ئۆيىدىن قېچىپ چىققانلىقىنى ئېيتقان.

ئۆتكەن ئون يىلدا شىنجاڭدىكى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر پەقەت مەسچىتكە بارغانلىقى ياكى ياغلىق ئارتقانلىقى (ھىجابلانغانلىقى) ئۈچۈنلا «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرلىرىغا قامالغان ۋە قىيىن - قىستاقلارغا دۇچ كەلگەن دەپ قارالماقتا.

خىتاي «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى كونترول قىلىش» ۋە «كەسپىي ماھارەت تەربىيەلەش مەركەزلىرى» ئارقىلىق ئەسەبىيلىككە تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتسىمۇ، ئەمما ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

مەزكۇر ئاكا - ئۇكىلار ھىندىستان ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىككى ئاي سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، چېگرىدىن قانۇنسىز كىرىش جىنايىتى بىلەن يەرلىك ساقچىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن باشلانغان مەمۇرىي رەسمىيەتۋازلىق بۇگۈنكى كۈنگىچە داۋاملاشماقتا.

ھېچقانداق چەتئەل تىلى بىلمەيدىغان بۇ ئۈچ كىشى قانۇن سىستېمىسى تەرىپىدىن ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن. ئۇلارنىڭ سوت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئادۋوكاتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تىل توسالغۇلىرىغا دۇچ

كەلگەن. ئۇلار پەقەت بىر يىل تۈتۈپ تۇرۇلۇش جەريانىدا تۈرمىداشلىرىدىن يەرلىك تىلنى ئاستا-ئاستا ئۆگەنگەندىن كېيىنلا، سوتچىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلىگەن.

ئۇلارنىڭ ھەر بىرى 18 ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ قالغىنى يوق.

ئۇلارنىڭ جىنايىتى بېكىتىلگەن ۋاقىتتا، ئۇلار تۈرمىدە بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ بولغان بولۇپ، يەنە ئالتە ئايدىن كېيىن ئەركىنلىككە چىقىشى كېرەك ئىدى. بىراق ھىندىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، باش مىنىستىر نارېندرا مودى رەھبەرلىكىدىكى ھىندۇ مىللەتچى پارتىيەسى — باراتىيا جاناتا پارتىيەسى ھوقۇق بېشىغا كەلدى.

ئۇلارنىڭ جازا مۇددىتى توشقاندا، دائىرىلەر ئۇلارنى ئەركىنلىككە قويۇپ بېرىشنىڭ ئورنىغا، تالاش-تارتىشتىكى بىر تۇتۇپ تۇرۇش قانۇنى بولغان «ئاممىۋى بىخەتەرلىك قانۇنى»نى ئىشقا سالغان. مەزكۇر قانۇن بىر كىشىنى ئالتە ئايغىچە تۇتۇپ تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىدىغان بولۇپ، تۇتۇپ تۇرۇش مۇددىتىنى قايتا-قايتا ئۇزارتىش ئارقىلىق ئىككى يىلغىچە يەتكۈزۈشكە بولىدۇ.

دائىرىلەر تەرىپىدىن قايتا-قايتا ئارقىتىلىۋاتقان تۇتۇپ تۇرۇش بۇيرۇقلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئۈچ كىشى ھۆكۈمەت ئۇلارنى قويۇپ بېرىش ياكى خىتايغا قايتۇرۇۋېتىش ھەققىدە بىر قارارغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا، داۋاملىق تۈرمىدە قالىدىكەن.

ئۇلار ئېرىشكەن بىردىنبىر قوللاش ئادۋوكات مۇھەممەد شافى لاسسۇدىن كەلدى. شافى سوت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋە تۈرمىنى مۇنتىزىم زىيارەت قىلىدىغان ھەيئەتنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەقەت ھىندىستانغا قانۇنسىز كىرگەنلىكى ئۈچۈنلا داۋاملىق تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەلمىگەن.

شافى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار [خىتايدىكى] تۇتقۇن قىلىش مەركەزلىرىدىن بىرىگە ئەۋەتىلىشتىن ئەيمىنىدىغانلىقىنى ۋە پەقەت قېچىپ قۇتۇلۇشنىلا ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستان چېگراسىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدىكەن».

شافى ئۆتكەن ئون يىل مابەينىدە ھېچقانداق ھەق ئالماستىن، ساۋاب كۆزلەپ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكىنى تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى تېخىچە بىكار قىلمىدى.

بۇ ئۈچ كىشى بىر قانچە قېتىم تۇرمە يۆتكەلگەندىن كېيىن، ھازىر دېھلىغا يېقىن بولغان ھاريانا شتاتىدىكى كارنال شەھىرىدە تۇرماقتا.

شافى بۇ ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا - ئۇكا ھەققىدە مۇنداق دېدى:

«بۇ ئاكا - ئۇكىلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئىدى. ئۇلار ئون يىلدىن ئارتۇق مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق شارائىتتا قالغۇدەك زادى نېمە جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولغۇيتتى؟»

ئادۋوكات شافىنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ ئاكا-ئۇكىلار بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، تۈتۈپ تۇرۇلۇۋاتقان قوراللىق ئۇنسۇرلار ۋە ئېغىر جىنايەتچىلەر ئۈچۈن ئايرىلغان تار كامېرلارغا قامالغان. شافى يەنە ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ سوغۇق كىلىماتىغا كۆنۈپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، تۇرمىدىكى يېمەك-ئىچمەكلەردىن ۋە ھىندىستاننىڭ تومۇز ئىسسىقىدىن ناھايىتى قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زۇلۇمى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان بىر مەسىلە. بۇ كىشىلەر شۇ ۋەھشىيلىكنىڭ قۇربانلىرىدۇر. ئۇلار جىنايەتچى ئەمەس، ھېچكىمگىمۇ تەھدىت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى بار. ئۇلار ئون يىلدىن ئارتۇق مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق شارائىتتا قېلىشقا تېگىشلىك زادى نېمە جىنايەت ئۆتكۈزدى؟»

شافىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۈچ ئاكا-ئۇكا قەشقەردە قالغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ تەقدىرىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىكەن. شافى ئۇلارغا پاناھلىق بېرىلىشى كېرەكلىكىنى، ھەرگىزمۇ خىتايغا قايتۇرۇلماسلىقى لازىملىقىنى تەكىتلەپ: «ئۇلارنىڭ شۇنچە يىللاردىن بۇيان بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى رەھىمسىزلىك، بۇ ئىنسانىيلىققا زىت» دېدى.

ئادۋوكات شافى يەنە شۇلارنى قوشۇمچە قىلدى: «ئۇلاردىن ئىككىسىنىڭ سالامەتلىكىدە مەسىلە كۆرۈلدى. تۇرمە يېمەكلىكلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار — ئاساسەن نوقۇت تۇرىدىكىلەر — بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە ياقمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇلار بوۋاسىر كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. شۇنداقلا ئۇلار تېگىشلىك تىببىي كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلمىدى.»

ئادۋوكات شافىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاكا - ئۇكىلارنىڭ بىرىنى دوختۇرنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىشى كېرەك بولسىمۇ، ئەمما تۇرمە دائىرىلىرى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغان. شافى ئۇلارنى دائىم زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمىدىكى تۇرمۇش، ھەمدە داۋالىنىش خىراجەتلىرىنى قامداش ئۈچۈن، ھەر ئاي ئۆز يېنىدىن پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ.

بۇ ئۈچ ئاكا-ئۇكا تۈرمىدە تۇرۇش جەريانىدا تۈرمىداشلىرى بىلەن پاراڭلىشىش، كىتاب ۋە گېزىت ئوقۇش ئارقىلىق تۆت خىل يەرلىك تىلنى، شۇنداقلا ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىۋالغان.

«ئاكىسى ئىنگلىز تىلىغا بەك قىزىقىدۇ، دائىم مەن بىلەن ئىنگلىزچە سۆزلىشىشكە تىرىشىدۇ. ئەمما تۈرمە ساقچىلىرى ئىنگلىزچىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى توختىتىۋالىدۇ ۋە چوقۇم هىندى تىلىدا سۆزلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن ئۇلارغا: <ئەركىنلىككە چىققاندىن كېيىن تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ كېتىسىز> دەپ چاقچاق قىلىپ تۇرىمەن» دەيدۇ شافى.

كىشىلىك هوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، مودى هۆكۈمىتى دەۋرىدە، هىندىستاندىكى دىنىي ئاز سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار سىستېمىلىق كەمسىتىشكە ۋە چەتكە قېقىلىشقا دۇچ كەلگەن.

هىندىستان باشقۇرۇشىدىكى كەشمىرنىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك هۆكۈمەت ئەمەلدارى لاتىف دېۋا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئۈچ كىشىنى تۈرمىگە قاماش قانۇنغا خىلاپ. بۇ هازىرقى هۆكۈمەتنىڭ مەلۇم بىر جامائەتكە، يەنى مۇسۇلمانلارغا قانداق يامان مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نۇرغۇن مىساللاردىن بىرىدۇر.»

«ئۇلارغا قارىتا قوللىنىلىۋاتقان بۇ قانۇن دۆلەتكە قارشى پائالىيەتلەرگە ياكى ئېغىر جىنايەتلەرگە چېتىشلىق كىشىلەر ئۈچۈن كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، پاناهلىق ئىزدەپ كەلگەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن ئەمەس.»

شافى ئۇلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە مۇنداق دېدى: «هىندىستان تارىخىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىدا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان تۈرلۈك مىللەتلەردىن بولغان ئون مىڭلىغان كىشىگە پاناهلىق بەرگەن. هەتتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مىڭلىغان تىبەتلىكلەرمۇ بۇ يەردە ياشايدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ سۈرگۈندىكى هۆكۈمىتىنى باشقۇرىدۇ. ئەگەر هۆكۈمەت ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ياشىشىنى خالىمىسا، ئۇلارنى قويۇپ بېرىپ، پاناهلىق بېرەلەيدىغان باشقا بىر دۆلەتكە كېتىشىگە يول قويسا بولىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ بىر كۈنى ئەركىنلىككە چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن — بۇ مېنىڭ (ئادۋوكاتلىق) هاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ نىشان.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.theguardian.com/global-development/2025/dec/05/uyghur-thursun-brothers-fled-china-jailed-india-xinjiang-genocide?utm_source=chatgpt.com



# خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى «قىرغىن قىلىش» ۋە «ئىنكار قىلىش» باسقۇچلىرىغا يەتتى

## «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۆزىتىش» تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدا «قىرغىن قىلىش» ۋە «ئىنكار قىلىش» باسقۇچلىرىغا يەتكەنلىكى بېكىتىلدى

«ھەممە ئۈچۈن ئادالەت» (Justice For All) تەشكىلاتىغا قاراشلىق «ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۆزىتىش» (Genocide Watch) تەشكىلاتىنىڭ يېڭى دوكلاتىدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان سىياسەتلىرىنىڭ خەلقئارا قانۇن بويىچە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ كۆپلىگەن ئېلگىرىلىگەن باسقۇچلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى يەكۈنلەنگەن.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان قىلمىشلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ 3-، 8-، 9- ۋە 10- باسقۇچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار سىستېمىلىق كەمسىتىش، تۇتقۇن قىلىش ۋە قىيىن-قىستاقلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك زىيانكەشلىك قىلىش، ئاممىۋى باسقۇنچىلىق ۋە ئۇيغۇر بالىلىرىنى تارتىۋېلىشقا ئوخشاش قىرغىن قىلمىشلىرىنى، شۇنداقلا خىتاي دائىرىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خەلقئارادىكى ئاقلىغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ئىنكارچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۆزىتىش» تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى كەڭ كۆلەملىك لاگېرغا سولاش، مەجبۇرىي سىياسىي مېڭە يۇيۇش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ چەكلىنىشى، مەسچىتلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە ۋەيران قىلىنىشى، مەجبۇرىي ئەمگەك پروگراممىلىرى، مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك نوپۇس كونترول قىلىش سىياسەتلىرى ۋە ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىلىپ، پەقەت خىتاي تىلىدىلا تەلىم بېرىدىغان ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ھۆججەتلەشتۈرگەن. دوكلاتتا ئاگاھلاندۇرۇلۇشىچە، بۇ قىلمىشلار «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى» بويىچە ھەم ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ھەم ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرىدۇ.

«بۇ دوكلات بارچە مۇجمەللىكنى تۈگەتتى» دېدى «ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى»نىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ئارسلان ھىدايەت. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردىكى، ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئەھۋال مەدەنىيەت سىياسىتى ياكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەمەس. بەلكى بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر، سىستېمىلىق باستۇرۇش ھەرىكىتىدۇر. بېيجىڭ بىلەن

بولغان ئادەتتىكى سودا مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەتلەر مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى جىنايەتكە شېرىك بولۇشنى تاللىغان بولىدۇ.»

«ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۆزىتىش» تەشكىلاتى يۇز بېرىدىغان ۋەھشىيلىكلەرنى توختىتىش ئۈچۈن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىر يۈرۈش جىددىي تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇلار ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى مەنئى قىلىش، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئاشكارىلىقىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق شىركەتلەرگە مەبلەغ سېلىشنى چەكلەش، باستۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان نازارەت قىلىش ۋە سۈنئىي ئىدراك تېخنىكىلىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى توسۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىغا قارىتىلغان ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمى، پاناھلىق ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى كېڭەيتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئابدۇلمالىك مۇجاھىد «بۇ تەكلىپلەر رادىكاللىق ئەمەس. ئۇلار كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدايدىغانلىقىنى داۋا قىلىدىغان دۆلەتلەر ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ تۆۋەن قانۇنىي ۋە ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتتۇر» دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: «بۇ دوكلاتتا بېكىتىلگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق باسقۇچلىرى دۇنيا ئۈچۈن بىر ئاگاھلاندۇرۇش. تارىخ ھۆكۈمەتلەرنىڭ پاكىتلارنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان شارائىتتا ھەرىكەتكە كەلگەن-كەلمىگەنلىكىگە، ياكى بىر پۈتۈن مىللەت يوق قىلىنىۋاتقاندا سۈكۈت قىلغان-قىلمىغانلىقىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.»

«ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى» ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى كۆزىتىش» تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپلىرىنى دەرھال ئىجرا قىلىشقا، مەجبۇرىي ئەمگەك چەكلىمىسىنى كۈچەيتىشكە، ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مۇساپىرلارنى قوغداش تەدبىرلىرىنى كېڭەيتىشكە، ھەمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى كەڭ كۆلەملىك باستۇرۇشقا يول ئاچىدىغان تېخنىكا ۋە مەبلەغ ئېقىمىنى توختىتىشقا چاقىرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ.ئالماس تەرجىمىسى

https://www.justiceforall.org/save-uighur/press-release-genocide-watch-report-finds-china-at-extermination-and-denial-stages-in-uyghur-genocide/?utm_source=chatgpt.com




# ترامپ ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ خىتايغا سۈنئىي ئىدراك ئۆزىكنى سېتىشىغا رۇخسەت قىلدى

ئالېكساندىرا ئالپېر

# ترامپ ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ خىتايغا سۈنئىي ئىدراك ئۆزىكىنى سېتىشىغا رۇخسەت قىلدى

ئالېكساندرا ئالپېر

ۋاشىنگتون، 18-دېكابىر (رويتېرس) — بەش نەپەر مەنبەنىڭ بايان قىلىشىچە، ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپ ھۆكۈمىتى بىر تەكشۈرۈش باشلىغان بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە نۇۋدىيا شىركىتىنىڭ ئىقتىدار جەھەتتە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان سۈنئىي ئىدراك ئۆزەكلىرىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدە خىتايغا ئەۋەتىلىشىگە يول ئېچىلىشى مۇمكىن. بۇ قەدەم ترامپنىڭ مەزكۇر تالاش-تارتىشتىكى سېتىش ئىشلىرىغا رۇخسەت قىلىش ھەققىدىكى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ترامپ مۇشۇ ئايدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ 25% ھەق ئېلىشى بەدىلىگە، نۇۋدىيا شىركىتىنىڭ H200 تىپلىق ئۆزەكلىرىنى خىتايغا سېتىشقا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. ئۇ بەنە بۇ خىل سېتىش سودىسىنىڭ خىتاي ئۆزەكلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنى ئازايتىش ئارقىلىق، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ خىتاي ئۆزەك ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى.

بۇ قارار ئامېرىكا سىياسىي ساھەسىدىكى خىتايغا قارىتا قاتتىق قول بولۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىدى. ئۇلار بۇ ئۆزەكلەرنىڭ بېيجىڭنىڭ ھەربىي كۈچىنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرۇۋېتىشىدىن ۋە ئامېرىكانىڭ سۈنئىي ئىدراك ساھەسىدىكى ئەۋزەللىكىنى زەئىپلەشتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرىمەكتە.

بىراق ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل سېتىش ئېلىتىماسلىرىنى قانچىلىك تېز تەستىقلايدىغانلىقىغا ۋە بېيجىڭنىڭ خىتاي شىركەتلىرىنىڭ نۇۋدىيا ئۆزەكلىرىنى سېتىۋېلىشىغا يول قويىدىغان-قويمايدىغانلىقىغا دائىر سوئاللار ھېلىھەم جاۋابسىز قالماقتا.

ئېكسپورت سىياسىتىنى باشقۇرىدىغان ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى ئۆزەك سېتىشقا ئائىت ئىجازەتنامە ئىلتىماسلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، ئېنېرگىيە مىنىستىرلىقى ۋە مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا ئەۋەتتى. مەنبەلەر تەكشۈرۈش جەريانىنىڭ تېخى ئاشكارىلانمىغانلىقى سەۋەبلىك ئىسمىنى ئاشكارىلىماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئېكسپورت بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسلانغاندا، مەزكۇر ئورگانلارنىڭ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش ئۈچۈن 30 كۈن ۋاقتى بار.

بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشنىڭ ناھايىتى ئەتراپلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ «پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا قىلىنىدىغان بىر ئىش ئەمەسلىكىنى» تەكىتلىدى. بىراق بەلگىلىمە بويىچە ئاخىرقى قارار چىقىرىش ھوقۇقى يەنىلا ترامپنىڭ قولىدا.

ئورگانلار ئارا ئىجازەت بېرىش تەكشۈرۈشىنىڭ باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىلگىرى خەۋەر بېرىلمىگەن ئىدى. سودا مىنىستىرلىقى ۋە نۋىدىيا شىركىتى زىيارەت تەلىپىگە دەرھال جاۋاب بەرمىدى. ئاقسارايدىكى بىر باياناتچى تەكشۈرۈش ھەققىدە توختالمىغان بولسىمۇ، ئەمما «ترامپ ھۆكۈمىتى دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا، ئامېرىكا تېخنىكا سىستېمىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا بەل باغلىغان» دېدى.

## بايدېن ئىلغار سۈنئىي ئىدراك ئۆزەكلىرىنى خىتايغا سېتىشنى مەنئىي قىلغان ئىدى

بايدېن ھۆكۈمىتى دۆلەت بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، خىتايغا ۋە ئۇنىڭغا ئۆزەك يۆتكەيدىغان ئەتكەسچىلىك يوللىرىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن دۆلەتلەرگە ئىلغار سۈنئىي ئىدراك ئۆزەكلىرىنى سېتىشقا بىر قاتار چەكلىمىلەرنى قويغان ئىدى.

ترامپنىڭ بۇ قەدىمى بايدېننىڭ سىياسىتىدىن چېكىنگەنلىك، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ خىتايغا تېخنىكا جەھەتتە چەكلىمە قويۇپ، خەلقئارانىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن بىرىنچى قېتىملىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى سىياسەتكە زىت ھالدىكى كۆتۈلمىگەن بۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ترامپ بېيجىڭنى «ئامېرىكىنىڭ بىلىم - مۈلۈك ھوقۇقىنى ئوغرىلاش ۋە سودا يولى بىلەن ئېرىشكەن تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ ھەربىي كۈچىنى ئاشۇرۇش» بىلەن ئەيىبلىگەن ئىدى (بېيجىڭ بۇنى ئىزچىل ئىنكار قىلىپ كەلگەن).

جو بايدېن دەۋرىدىكى ئاقساراي دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ سابىق ئەمەلدارى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كېڭىشىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقاتچىسى كرىس ماككۇيىرنىڭ ئېيتىشىچە، خىتايغا زور مىقداردا ئۆزەك ئېكسپورت قىلىش «ناھايىتى ئېغىر ئىستراتېگىيەلىك خاتالىق» بولىدىكەن. ماككۇيىر بۇ ئۆزەكلەرنى

«خىتاينىڭ سۈنئىي ئىدراك ساھەسىدىكى ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان يەككە ئامىل» دەپ تەسۋىرلىدى. ئۇ يەنە: «سودا مىنىستىرلىقى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، ئېنېرگىيە مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ قانداق قىلىپ خىتايغا بۇ ئۆزەكلەرنى ئېكسپورت قىلىشنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن دەپ جەزملەشتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم» دېدى.

ئاقسارايىنىڭ سۈنئىي ئىدراك ئىشلىرى مەسئۇلى داۋىد ساكس باشچىلىقىدىكى ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قانچە ئەزاسى، خىتايغا ئىلغار سۈنئىي ئىدراك ئۆزەكلىرىنى ئەۋەتىشنىڭ خۇاۋېيغا ئوخشاش خىتاي رىقابەتچىلىرىنىڭ نۋىدىيا (Nvidia) ۋە AMD نىڭ ئەڭ ئىلغار ئۆزەك لايىھەلىرىگە يېتىشىۋېلىش يولىنى قىسقارتىدۇ دەپ قارىماقتا.

رويتېرس ئاگېنتلىقى ئۆتكەن ھەپتە خىتايدىن كەلگەن دەسلەپكى زاكازلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك، نۋىدىيانىڭ ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى بولغان Blackwell ئۆزەكلىرىدىن بۇرۇنقى مودېل ھېسابلىنىدىغان H200 نىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى.

گەرچە H200 ئۆزەكلىرى نۆرغۇن سۈنئىي ئىدراك ۋەزىپىلىرىدە نۋىدىيانىڭ Blackwell ئۆزەكلىرىگە قارىغاندا سۈرئىتى سەل ئاستا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا كەسپىي ساھەسىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ئىلگىرى بۇ ئۆزەكلەرنىڭ خىتايدا سېتىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان ئىدى.

ترامپ ئىلگىرى نۋىدىيانىڭ ئەڭ ئىلغار مەھسۇلاتى بولغان Blackwell ئۆزەكلىرىنىڭ سەل تۆۋەنرەك نۇسخىسىنى سېتىشقا يول قويغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ قاراردىن يېنىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا H200 نى سېتىشنى تەستىقلىغان.

ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى

[https://www.reuters.com/world/china/us-launches-review-advanced-nvidia-ai-chip-sales-china-sources-say-2025-12-19/?utm_source=chatgpt.com](https://www.reuters.com/world/china/us-launches-review-advanced-nvidia-ai-chip-sales-china-sources-say-2025-12-19/?utm_source=chatgpt.com)



# ۋەزىپىلەرنى بېسىم ھېس قىلماستىن تاماملاش ئۈچۈن تەۋسىيەلەر

جۈئىل سناپى

# ۋەزىپىلەرنى بېسىم ھېس قىلماستىن تاماملاش ئۈچۈن تەۋسىيەلەر

جوئېل سناپى

مەيلى پىلان تىزىملىكى تۈزۈش بولسۇن ياكى سىرتقا چىقىپ پىيادە مېڭىش بولسۇن، ھەتتا ئەڭ مۇشكۈل ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلگەندىمۇ زېھنىنى سۈزۈك تۇتۇش ۋە ئىشلارغا توغرا نۇقتىدىن قاراشنىڭ ئۇنۇملۇك يوللىرى بار.

فرانسىيە يازغۇچىسى ئانتۇان دې سانت ئېكزۇپېرى (Antoine de Saint-Exupéry) مۇنداق دېگەن: «مۇكەممەللىك — قوشىدىغان نەرسە قالمىغاندا ئەمەس، بەلكى قىسقارتىدىغان نەرسە قالمىغاندا بارلىققا كېلىدۇ.»

ئېكزۇپېرى بۇ يەردە لايىھەدىكى مۇكەممەللىك ھەققىدە توختالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك خىزمەت كۈنىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىشقىمۇ بولىدۇ. كۈندىلىك ۋاقتىمىزغا قانچىلىك كۆپ ئىشلارنى لىق تولدۇرۇۋېلىشنى ئويلاشقانىڭ ئورنىغا، زادى قانچىلىك ئاز ئىش قىلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە شۇ ئىشلارنى ئەڭ سۈپەتلىك ئورۇنداشقا ئەھمىيەت بېرىش تېخىمۇ ئۈنۈملۈكتۇر.

## ئىشنى قەيەردىن باشلاش كېرەك؟

ئەلۋەتتە، بىر تىزىملىكتىن ھەممىشە زىيادە بېسىم ئىچىدە ياشايدىغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاللىبۇرۇن ئايان بولغان ۋەزىپىلەرنى قەغەزگە يېزىپ چىقىش بىر خىل ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ تىرىشچانلىققا ھامان ئەرزىيدۇ. «ئالاھىدە ماھارەتلىك ئۈنۈم ئىگىسى بولۇشنىڭ سىرى» (How to Be a Productivity Ninja) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى گراھام ئالكوت مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىز روھىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي بېسىم ئىچىدە بولسىڭىز، ۋەزىپىلىرىڭىزنىڭ مۇھىم ياكى ئەمەسلىكىنى بىلكەلمەيسىز. بىراق ۋەزىپىلىرىڭىز كۆپ بولسىمۇ، يەنىلا ئاشۇ بېسىم تۇيغۇسىدىن خالىي بولۇش مۇمكىن. بۇنىڭ ئاچقۇچى — زېھنىڭىزدىكى بارلىق ئىشلارنى قەغەزگە چۈشۈرۈپ، مېڭىڭىزنى بوشىتىشتۇر. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنى تۈرگە ئايرىشنى باشلىيالايسىز. بىر پارچە قەغەز ئېلىپ، پۈتتۈرۈش كېرەك بولغان بارلىق ۋەزىپىلەرنى، تۈگىمىگەن ئىشلارنى ۋە سىز كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەمما تېخى ئورۇندالمىغان ھەممە نەرسىنى يېزىپ چىقىڭ. بۇ سىز

ئويلىغاندىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئېلىشى مۇمكىن. لېكىن مېڭىڭىزدىكىلەرنى قەغەزگە تۆكۈشنىڭ ئۆزىلا سىزگە سۈزۈك زېھىن، توغرا قاراش ۋە كونترول قىلىش تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ.»

## خىزمەت قىزغىنلىقى يېتىلدۈرۈش

كېيىنكى قەدەم ئۇچۇن ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇل قايسى؟ بۇ تالاش-تارتىش ئېچىدىكى مەسىلە بولۇپ، بىر قىسىم ئۇنۇم مۇتەخەسسىسلىرى ئەڭ قىيىن ۋەزىپىنى ئالدى بىلەن ئورۇنداشنى تەۋسىيە قىلسا، يەنە بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر ئاسان ئىشلاردىن باشلاپ ئۇتۇق قازىنىش ئارقىلىق خىزمەت قىزغىنلىقىنى (momentum) يېتىلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈش ئەڭ ياخشى ئۇنۈم بېرىدۇ. تىزىملىكىڭىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئالدى بىلەن چىش دوختۇرىدىن نۆۋەت ئېلىش ياكى يېقىنلىرىڭىزغا قىسقا ئۇچۇر يېزىشقا ئوخشاش، ئۇچ مىنۇتتىن ئاز ۋاقىت ئالىدىغان بارلىق ئىشلارنى تۈگىتىۋېتىڭ. ئاندىن دوپامىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن جۇشقۇنلۇق بىلەن ئېغىرراق مۇشكۈل ۋەزىپىلەرگە كىرىشىڭ.

«مۇۋەپپەقىيەت ھېكايىسى» (Success Story) پودكاستىنىڭ رىياسەتچىسى سكوت كلارى مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن كىشىلەر <زىيادە كۆپ خىزمەت قىلىپ چارچاپ كەتتىم> دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق ئەمەس. ئۇلار زېھنىدىكى قالايمىقانچىلىق سەۋەبلىك چارچايدۇ. جاۋاب بېرىلمىگەن تېلفون ئۇچۇرى، ئۇزىنى قاچۇرۇپ كېلىۋاتقان بىرەر كەچۇرۇم ياكى توختىماي كېچىكتۈرۈۋاتقان بىرەر قارار قاتارلىقلار خۇددى تور براۋۇزېرىدا ئېچىلغان كۆزنەككە ئوخشاش مېڭىڭىزنىڭ ئارقا سۇپىسىدا كۈنبويى ئايلىنىپ، سىزنى روھىي جەھەتتىن خورىتىدۇ. بۇ «تۈگىمەس ھالقىلار»نى ئالدى بىلەن تاقىۋەتسىڭىز، زېھنىڭىز دەرھال ئەسلىگە كېلىدۇ. ئاشۇ ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇن سەرپ قىلىنىغان كۈچ ، ئۇلارنى زېھنىڭىزدە كۆتۈرۈپ يۈرگەندىكى بېسىمدىن كۆپ ئاز بولىدۇ.»

تەتقىقاتلارمۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداقلىقىنى ئىسپاتلايدۇ: پىسخولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرىدىن ئې.جېي مەسكامپو ۋە روي ف. باۋمېيستېر 2011-يىلى ئېلان قىلغان «ئورۇندالدى دەپ ھېسابلاڭ» نامىلىق ماقالىسىدە شۇنى بايقىغانكى، گەرچە تۈگىمىگەن نىشانلار زېھنىي كۈچنى خوراتسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ھەل قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش بۇ خىل سەلبىي تەسىرنى يېنىكلىتىدۇ. بۇ جەرياننىڭ ماھىيىتى ئىشلارنى بۆلەكلەرگە پارچىلاشقا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەگەر سىز توختىماي كېچىكتۈرۈپ كېلىۋاتقان مۇشكۈل بىر ۋەزىپە بولسا، ئۇنى دەرھال بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغان ئەڭ كىچىك قەدەملەرگىچە پارچىلاڭ.

قول سېلىپ ئىشلەش باسقۇچىغا كەلگەندە، سىز خىزمەتنى باشلاشقا تەييار بولىدىڭىز. ئەمما شۇنى يادىڭىزدا تۇتۇڭكى، خىزمەت ۋاقتىنىڭ ھەممە سائەتلىرى ئوخشاش قىممەتكە ئىگە ئەمەس. ئالكوت مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىرىمىزنىڭ <تەشەببۇسكار زېھنىي كۈچ> دەپ ئاتايدىغان زاپىسىمىز ناھايىتى چەكلىك بولىدۇ. يەنى كۈنىگە

پەقەت ئىككى - ئۈچ سائەتلا ئۆزىمىزنى ئەڭ جۇشقۇن ھېس قىلىمىز. بۇ ۋاقىت كىشىدىن كىشىگە پەرقلىنىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر ئۈچۈن قەھۋە ئىچىپ زېھىن ئويغانغان ئەتىگەنلىك پەيت ئەڭ ياخشى پەيتتۇر. بىزنىڭ بۇ سائەتلەردە زېھنىمىزنى نېمىگە قاراتقانلىقىمىز خىزمەت ئۈنۈمىمىزنى بەلگىلەيدۇ.» ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى تەشەببۇسكار زېھنىمىزنى چېچىلاڭغۇ قىلىدىغان نەرسىلەردىن قوغداشتۇر: «تېلېفونىڭىزنى ئۈنسىز ھالەتكە قويۇڭ، خەت ساندۇقى ۋە ئۈچۈر ئەپلىرىدىن چىقىڭ. كومپيۇتېرىڭىزدىكى باشقا بارلىق كۆزنەكلەرنى تاقاپ، پەقەت قىلماقچى بولغان ئىشقىلا پۈتۈن دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈڭ!»

## ئىشنى كەينىگە سۈرمەڭ

بىرەر ۋەزىپىنى توختىماي كېچىكتۈرۈشنىڭ سەۋەبى كۆپ. ئەمما كۆپىنچە ئەھۋالدا ئىشنى سوزۇپ يۈرۈش — زېرىكىش، ئۈمىدسىزلىنىش، ئەنسىزلىك ۋە ئۆزىگە گۇمان بىلەن قاراش قاتارلىق سەلبىي ھېسسىياتلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ زېھنىدىكى بىر خىل پاسسىپ ئۇسۇلىدۇر. بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا، ئىشنى كېچىكتۈرۈپ قويغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى تەنقىد قىلىشتىن خالىي بولۇشتۇر. 2010-يىلى ئېلان قىلىنغان بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، تۇنجى ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىش جەريانىدا ئىمتىھاندىن بۇرۇنقى مەزگىللەردە ئۆگىنىشنى كېچىكتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى كەچۈرۈۋەتكەن ئوقۇغۇچىلار كېيىنكى ئىمتىھاندا ئۆگىنىشنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئازراق كېچىكتۈرىدىغان بولۇپ چىققان. ئۆزىنى كەچۈرۈش ئىنساننىڭ ئۆتمۈشتىكى خاتالىق يۈكىدىن قۇتۇلۇپ، كۆز ئالدىدىكى خىزمەتكە مەركەزلەشتۈرۈشىگە يول ئاچىدۇ.

بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر ئاددىي ئۇسۇلى — «ئەگەر شۇنداق بولسا» پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشتۇر. مەسىلەن: «ئەگەر ئۆزۈمنىڭ ئىشنى سوزۇپ يۈرگەنلىكىمنى بايقىسام، ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ ئولتۇرماستىن، ئاستاغىنە خىزمىتىمگە قايتىمەن.» شۇنداقلا، تېلېفون ياكى كومپيۇتېرىڭىزدىكى ئەپلەرگە ئىشلىتىش ۋاقىت چېكى قويۇشمۇ ۋەزىيەتنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىدۇ.

## ئارام ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇماڭ

ئارام ئېلىش چاستوتىڭىز خىزمىتىڭىزنىڭ زېھىن تەلەپ قىلىش دەرىجىسىگە باغلىق. نۇرغۇن كىشىلەر كەڭ ئومۇملاشقان «پومودورو» (Pomodoro) ئۇسۇلىغا، يەنى 25 مىنۇت خىزمەت، 5 مىنۇت ئارام ئېلىش جەريانىغا ئەمەل قىلىدۇ. لېكىن زېھنىنى تېخىمۇ ئۇزۇن مەركەزلەشتۈرۈشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن «باسقۇچلۇق پومودورو»

ئۆسۈلى تېخمۇ پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. بۇ قىسقا خىزمەت بۆلەكلىرىدىن باشلاپ، ۋاقىتنى بارا-بارا ئۇزارتىش ئارقىلىق سىزنى «ئېقىم» (ھالىتىگە كىرگۈزىدۇ.

قىسقا ئارام ئېلىش پەيتلىرىدە ھەرىكەت قىلىش — بەك زۆرۈر. تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئاكتىپ كىچىك ئارام ئېلىش — مەيلى ئۇ بىر ئاز سوزۇلۇش ياكى بىر نەچچە قەدەم مېڭىش بولسۇن — خىزمەت ئۇنۇمىنى ۋە كەيپىياتنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلايدۇ. مەسىلەن، «ئىشىك رامكىسىدا سوزۇلۇش» مەشقى نەچچە سائەتلەپ كۇنۇپكا تاختىسى ئالدىدا ئولتۇرۇش سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن دۈمچىيىش قىياپىتىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىدۇ.

## چۈشلۈك تاماقتا سىرتقا چىقىڭ

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئىمكانىيەت بولسا سىرتقا چىقىپ تەبىئەت قوينىدا ئايلىنىپ كېلىڭ. بۇ زىيادە خىيال سۈرۈشنى ئازايتىپ، روھىي بېسىمنى يەڭگىللىتىدۇ. چۈشتىن كېيىنكى ھالسىزلىق مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ بەدىنىمىزدىكى تەبىئىي «بىئولوگىيەلىك سائەت» رىتىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر 5 مىنۇتتىن 15 مىنۇتقىچە مۈگدەۋالالىسىڭىز بىر نەچچە سائەتلىك جۇشقۇنلۇققا ئېرىشىسىز. ئەگەر بۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمىسا، قىسقا پىيادە مېڭىش ۋە بىر نەچچە يۇتۇم سۇ ئىچىشمۇ ئۈنۈملۈك چارىدۇر. تېخىمۇ ياخشىسى، كۆپ كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان ۋەزىپىلەرنى (مەسىلەن، خەتكە جاۋاب قايتۇرۇش قاتارلىقلارنى) سائەت ئۈچتىن كېيىنكى ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇڭ.

كۈننىڭ ئاخىرلىششى

خىزمەت كۈنىنى ئەتىسى ئەتىگەنلىك مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويۇش بىلەن تاماملاڭ. ھەپتە بويىي ئۆزىڭىزنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇڭ: نېمە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولدى؟ نېمىلەرنى تۈزىتىش كېرەك؟ ئۈستىلىڭىزدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تازىلاش ئۈچۈن 30 سېكۇنت ۋاقىت ئاجرىتىڭ. چۈنكى ئىشخانىدىكى قالايمىقانچىلىق خىزمەتتىن زېرىكىش (burnout) خەۋپى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىنگلىزچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.theguardian.com/lifeandstyle/2025/dec/30/perfect-working-day-get-everything-done-without-getting-stressed

# زېھنىي ئويغاقلىق ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلفۇن



پەتىي ۋىلبورن

# زېھنىي ئويغاقلىق ۋە ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلفۇن

پەتىي ۋېلبورن

بىرىتانىيە كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوكاناگان شۆبىسى (UBCO) تەتقىقاتچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاڭلىقلىق كۈندىلىك تېلفون ئىشلىتىش ئادىتىنى ئۆزگەرتەلەيدىكەن

دۇنيا مىقياسىدا ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلفون ئىشلەتكۈچىلىرىنىڭ سانى تۆت مىلياردتىن ئاشقان بىر پەيتتە، تەتقىقاتچىلار بارغانسېرى ئەقلىي تېلفون ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئازايتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىمەكتە.

دوكتور سۇسان خولتزمان بىرىتانىيە كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى، پسىخولوگ دوكتور سۇسان خولتزمان ئۇ يېقىندا «زېھنىي ئويغاقلىق» ژۇرنىلىدا بىر تەتقىقات ماقالىسى ئېلان قىلىپ، ئەقلىي تېلفونلارنى زىيادە ئىشلىتىش ياكى ئۇنىڭغا بېقىنىپ قېلىش مەسىلىسىنى، ھەمدە زېھنىي ئويغاقلىق تېخنىكىلىرى ئارقىلىق بۇنى قانداق چەكلىگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

ئۇ مەزكۇر مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرگە خۇمار بولۇپ قالغان كىشىلەرگە بىر قانچە تەكلىپلەرنى بەردى.

## ئەقلىي تېلفۇننى نامۇۋاپىق ئىشلىتىش قانداق بولىدۇ؟

ئەقلىي تېلفونلار دۇنيادىكى مىلياردلىغان كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندى. ئەگەر بىر كىشى ئەقلىي تېلفونىدا زىيادە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلسا، بۇلارنى ئىشلىتىش ۋاقتىنى كونترول قىلالىشتا قىينالسا ۋە بۇ ئەھۋال تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم ساھەلىرىگە كۆرۈنەرلىك دەخلى يەتكۈزسە، مانا بۇنى «ئەقلىي ئۈسكۈنىلەرنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىش» دەپ ئاتايمىز. بىراق ئۇلارنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىشكە قانداق ئېنىقلىما بېرىش ۋە ئۇنى قانداق ئۆلچەش كېرەكلىكى ھەققىدە يەنىلا خېلى كۆپ تالاش-تارتىشلار مەۋجۇت.

## بۇ نېمىشقا مەسىلە دەپ قارىلىدۇ؟

ئەقلىي تېلېفونلار بىزنى ئۇچۇر - مەلۇماتلارغا، ئىجتىمائىي ئالاقىگە ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش قۇراللىرىغا چەكسىز ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئەقلىي تېلېفون ئىشلىتىش بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىمىزگە ۋە روھىي ساغلاملىقىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيقۇنىڭ بۇزۇلۇشى، بولۇپمۇ بويۇن ۋە مۈرە ئاغرىقى قاتارلىق جىسمانىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەقلىي تېلېفوننى زىيادە ئىشلىتىش تېخى قىمار ياكى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە ئوخشاش «خۇمار» دەپ تۈرگە ئايرىلمىدى. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بەزى ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلەر بار. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر تېلېفونىدىن ئايرىلىپ قالغاندا ناھايىتى زور بىئاراملىق ۋە ئەنسىزلىك ھېس قىلىدۇ. بۇ ئەھۋال «يانفونسىزلىق قورقۇنچى» (nomophobia) دەپ ئاتىلىدۇ. سىز مەيلى بۇنى خۇمارلىق دەڭ ياكى دېمەڭ، ھەر قايسى ياش گۇرۇپپىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئەقلىي تېلېفون ئىشلىتىش ۋاقتىنى ئازايتىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىمەكتە.

## تەتقىقاتتا قانداق يەكۈنلەر چىقتى؟

تەتقىقاتىمىزدا شۇ بايقالدىكى، كۈندىلىك تۇرمۇشىدا تېخىمۇ ئاڭلىق ياكى زېھنىي ئويغاق بولۇشقا مايىل كىشىلەرنىڭ تېلېفونى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە مەسىلە كۆرۈلۈش ئېھتىماللىقى بىر قەدەر تۆۋەن بولىدىكەن. بىز 11 دۆلەتتىكى 39 مىڭدىن ئارتۇق كىشى چېتىلغان 61 تۈرلۈك تەتقىقات ئۈستىدە ئەتراپلىق تەھلىل يۈرگۈزدۇق. بۇ تەتقىقاتلاردا زېھنىي ئويغاقلىق بىلەن ئەقلىي تېلېفوننى بىنورمال ئىشلىتىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەكشۈرۈلگەن. بىز بولۇپمۇ بۇ ئۇسۇلنىڭ كىملەرگە ياردىمى بولىدىغانلىقىغا ئالاھىدە قىزىقتۇق.

زېھنىي ئويغاقلىق دېگىنىمىز — ھازىرقى پەيتنى تۇيۇش ۋە زېھنىنى شۇ پەيتكە نىسبەتەن ناباپ ھېسابلىنىدىغان ئىشلاردىن ئۈزۈش ۋاقىتلىق مۇناسىۋەتلىرىمىزگە تۈرتكە بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر ئۇسۇل. تېلېفوننى توختىماستىن تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان بىر ئادەمنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بەلكىم قىزىقارلىق ۋە جەلپ قىلارلىق ئۇچۇرلارنى تېپىش، ياكى زېرىكىش، ۋەياكى بېسىمنى ئازايتىش، كۆڭۈلسىز ۋەزىيەت ۋە ئالاقىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش يۈزىسىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋاللاردا زېھنىي ئويغاقلىقنىڭ ياردىمى تېگىدىغان نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇشىغا، ھېسسىياتقا بېرىلىپ قارار چىقىرىشنى ئازايتىشىغا ۋە ئۆزىگە پايدىسى بولمىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشلەرنى يېڭىپ ئۆتۈپ كېتىشكە

يـاردەم بېرىدۇ. شۇنـداقـلا زېھنىي ئـويـغاقـلىق پەقەت سـىز ئـادەتـلـىنـىپ قـالـغـىنـىڭـىز ئۇچۇنـلا قـىلـىۋاتـقان بـىرەر ھەرىكەتنىڭ ئىچىدە تۇرغان ۋاقتىڭىزدا، ئۆز ئەھۋالىڭىزنى سېزىۋېلىشىڭىزغىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى

https://news.ok.ubc.ca/2025/12/02/mindfulness-may-help-people-disconnect-from-their-smartphones/



# دۇنيادىكى ئەركىنلىك 2025 - يىلى ئۇدا 20 يىل چېكىندى

# دۇنيادىكى ئەركىنلىك 2025 ـ يىلى ئۇدا 20 يىل چېكىندى

ۋاشىنگتوندىكى «ئەركىنلىك ئۆيى» (Freedom House) تەشكىلاتى بۈگۈن ئېلان قىلغان يېڭى دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، 2025-يىلى يۈز بەرگەن ھەربىي، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، تىنچ نامايىشچىلارغا قارىتىلغان زوراۋانلىق ۋە ئاساسىي قانۇن كاپالەتلىرىنى ئاجىزلىتىش ئۇرۇنۇشلىرى دۇنيا ئەركىنلىكىنىڭ ئىزچىل 20 - يىل تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولغان. «دۇنيادىكى ئەركىنلىك 2026: مۇستەبىتلىكنىڭ كېڭىيىۋاتقان سايىسى» ناملىق بۇ دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، 54 دۆلەتتە سىياسىي ھوقۇق ۋە پۇقرالار ئەركىنلىكى چېكىنگەن، پەقەت 35 دۆلەتتىلا ياخشىلىنىش كۆرۈلگەن. كۈنىمىزدە دۇنيا نوپۇسىنىڭ پەقەت 21% لا «ئەركىن» دەپ باھالانغان دۆلەتلەردە ياشايدۇ. بۇ كۆرسەتكۈچ بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى 46% ئىدى.

«ئەركىنلىك ئۆيى»نىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى جېيمى فلاي مۇنداق دېدى: «گەرچە 2026 - يىلى ۋېنېسۇئېلادىن ئىرانغىچە بولغان مۇستەبىت تۈزۈم ئاستىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن يېڭى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆتكەن 20 يىل دۇنيا ئەركىنلىكى ئۈچۈن بىر قاراڭغۇ دەۋر بولدى. قوراللىق توقۇنۇشلار، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر، دېموكراتىك ئورگانلارغا قىلىنغان ھۇجۇملار ۋە مۇستەبىتلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقنى باستۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئەركىنلىك يىگىرمە يىل مابەينىدە ئىزچىل چېكىندى. تېخىچە ئەركىنلىك نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار مۇستەبىتلىككە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىش قىلىشى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا باستۇرۇشقا قارشى تۇرۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ دېموكراتىك ئارزۇلىرىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قوللىشى كېرەك، بولمىسا بۇ چېكىنىش داۋاملىشىۋېرىدۇ.»

مۇستەبىت تۈزۈملەردە باستۇرۇشنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆتكەن بىر يىل دۇنيادىكى دېموكراتىك دۆلەتلەر ئارىسىدا مۇرەككەپ ۋە تۇراقسىز بىر مەنزىرىنى نامايان قىلدى. «ئەركىن» دەپ باھالانغان 88 دۆلەت ئىچىدە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ئەڭ روشەن چېكىنىشكە ئۇچرىغان. بۇلغارىيە ۋە ئىتالىيەدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولغان. پارلامېنتتىكى سىياسىي تىركىشىشنىڭ كەسكىنلىشىشى ۋە بىر تەرەپلىمە مەمۇرىي ھوقۇقنى كېڭەيتىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ كۆچىيىشى، شۇنداقلا سۆز ئەركىنلىكى سەۋەبلىك كىشىلەر ئۇچرايدىغان تەھدىت ۋە ئۆچ ئېلىشلارنىڭ يىلدىن-يىلغا كۆپىيىشى، ھەمدە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كاپالەتلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى قاتارلىق ئامىللار ئامېرىكانىڭ ئەركىنلىك دەرىجىسىنى 2002-يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ قويىدى. ئامېرىكانىڭ 2025 - يىلدىكى چېكىنىشى ئۆتكەن 20 يىلدا

مەيلى جۇمھۇرىيەتچىلەر ياكى دېموكراتلار ھۆكۈمەتلىرى دەۋرىدە بولسۇن، جەمئىي 12 دەرىجە تۆۋەنلەش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

دوكلاتتىكى مۇھىم يەكۈنلەر:

دۇنيا ئەركىنلىكى 2025-يىلى ئىزچىل 20 يىل تۆۋەنلىدى. بىر يىل ئىچىدە جەمئىي 54 دۆلەتنىڭ سىياسىي ھوقۇق ۋە پۇقرالار ئەركىنلىكىدە چېكىنىش كۆرۈلدى، پەقەت 35 دۆلەتتىلا ياخشىلىنىش كۆرۈلدى.

ئەڭ يۇقىرى ئۆرلەش ۋە ئەڭ ياخشى ئومۇمىي نومۇرلار: «دۇنيادىكى ئەركىنلىك» دوكلاتىنىڭ سىياسىي ھوقۇق ۋە پۇقرالار ئەركىنلىكىنى باھالاش سىستېمىسىدا، 2025 - يىلى سۇرىيە (+5)، سىرىلانكا (+5)، بولىۋىيە (+4) دەرىجىدە ئىلگىرىلەش كۆرسەتتى. ئەڭ يۇقىرى ئومۇمىي نومۇرغا ئېرىشكەن دۆلەتلەر فىنلاندىيە (100)، شۋېتسىيە (99)، نورۋېگىيە (99) ۋە يېڭى زېلاندىيە (99) بولدى.
گۋىنىيە-بىسسائۇ (-8)، تانزانىيە (-7)، بۇركىنا-فاسو (-5)، ماداغاسقار (-5) ۋە سالۋادور (-5) بىر يىل ئىچىدە نومۇرى ئەڭ كۆپ تۆۋەنلىگەن دۆلەتلەر بولۇپ قالدى. ئومۇمىي نومۇرى ئەڭ تۆۋەن دۆلەتلەر جەنۇبىي سۇدان (0)، سۇدان (1) ۋە تۈركمەنىستان (1) بولدى.

سالاھىيەت ئۆزگىرىشلىرى: بولىۋىيە، فىجى ۋە مالاۋىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت رىقابەت خاراكتېرلىك سايلاملار، ئەدلىيە مۇستەقىللىقىنىڭ ئېشىشى ۋە قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ كۈچىيىشى سايىسىدە «قىسمەن ئەركىن» سالاھىيىتىدىن «ئەركىن» سالاھىيىتىگە كۆتۈرۈلدى.

مۇستەبىت باستۇرۇشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىزچىللىقى: 2025-يىلى ئىراندا ئەركىنلىك ۋەزىيىتى داۋاملىق ناچارلاشتى. ئىران دائىرىلىرى ئېيۇن ئېيىدا ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان 12 كۈنلۈك ئۇرۇشتىن كېيىن، «جاسۇسلۇق ۋە ھەمكارلىشىش» ئەيىبلەشلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان زەربە بېرىش ھەرىكىتىدە 21 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قولغا ئالدى، شۇنداقلا 1.8 مىليون ئەتراپىدا ئافغانىستانلىق كۆچمەن ۋە مۇساپىرنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھوقۇقلىرىغا پىسەنت قىلماي قوغلاپ چىقاردى. ئىراننىڭ نومۇرى 10 نومۇرغا چۈشۈپ قالدى. رۇسىيە ۋە خىتاينىڭ نومۇرى ئۆزگەرمەي ئايرىم-ئايرىم ھالدا 12 ۋە 9 پېتى قالغان بولسىمۇ، ئەمما رۇسىيە دائىرىلىرى ئۇرۇشقا قارشى سۆز قىلىشنى ۋە مۇستەقىل ژۇرنالىستلىقنى باستۇرۇش ئۈچۈن يېڭىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەدبىر قوللاندى. خىتاي ئەمەلدارلىرى بولسا كىچىك كۆلەملىك، ئەمما بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان نامايىشلارنى قاتتىق باستۇردى.

گەرچە ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا ئەركىنلىك كۆرسەتكۈچى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىگەن بولسىمۇ، تاراتقۇ ئەركىنلىكى، شەخسىي ئىپادە ئەركىنلىكى ۋە قانۇنىي تەرتىپ ئەڭ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىدى. سىياسىي ئۆزگىرىشلەر،

قوراللىق توقۇنۇشلار، خەلق تەرىپىدىن سايلانغان رەھبەرلەرنىڭ دېموكراتىك ئورگانلارغا قىلغان ھۇجۇملىرى ۋە مۇستەبىت تۈزۈملەرنىڭ كۈچەيگەن باستۇرۇشلىرى ئۆتكەن 20 يىللىق دۇنياۋى چېكىنىشنىڭ ئاساسلىق تۈرتكىلىك ئامىللىرى بولدى.

2005-يىلىدىن بۇيان، «قىسمەن ئەركىن» سالاھىيىتىدىكى دۆلەتلەر گۇرۇپپىسى خېلىلا كىچىكلىدى. 2005-يىلى «قىسمەن ئەركىن» دەپ باھالانغان 59 دۆلەتنىڭ ئىچىدە، جەمئىي 19 دۆلەت «ئەركىن ئەمەس» كاتېگورىيەسىگە چۈشۈپ قېلىپ، دۇنيادىكى مۇستەبىت دۆلەتلەر سېپىنى كېڭەيتتى. ھالبۇكى پەقەت 9 دۆلەتلا «ئەركىن» سالاھىيىتىگە ئۆرلىدى.

كۆپىنچە دېموكراتىك دۆلەتلەر مۇشكۈل خىرىسلار ئالدىدا يەنىلا ئۆز چىدامچانلىقىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئىچكى بېسىملار ۋە چەتئەل كۈچلىرىنىڭ تەھدىتلىرىگە قارىماي، دېموكراتىك دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئىچى سىياسىي سىستېمىلىرىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشقا قادىرلىقىنى ۋە يۆنىلىشىنى تۈزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى داۋاملىق ئىسپاتلىماقتا. 2005-يىلى «ئەركىن» دەپ باھالانغان 87 دۆلەتنىڭ جەمئىي 76 سى — يەنى %85 تىن كۆپرەكى — ئەركىنلىك يەر شارى خاراكتېرلىك چېكىنگەن مۇشۇ يىگىرمە يىل مابەينىدە ئىزچىل «ئەركىن» پېتى قالدى.

«ئەركىنلىك ئۆيى»نىڭ تەتقىقات مۇدىرى ۋە دوكلاتنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرى يانا گوروخوۋسكايا مۇنداق دېدى: «بىز ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىكەنلىكىنى داۋاملىق كۆرمەكتىمىز. بېلىرۇسىيەدىن زىمبابۋېغىچە بولغان دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر زور خەتەرلەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقماقتا. دۇنياۋى ئەركىنلىكنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تۆۋەنلەش ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، دېموكراتىك ھۆكۈمەتلەر ۋە جەمئىيەتلەر ئەركىنلىك ئىزدەۋاتقانلار بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ بىر قىسمى بىرىنچى سەپتىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنى ۋە غەيرى ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنى مەبلەغ بىلەن ۋە دىپلوماتىك يول بىلەن قوللاش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى لازىم.

دوكلاتتا دېموكراتىك ھۆكۈمەتلەر، پۇقرالار تەشكىلاتى گۇرۇپپىلىرى، سودا رەھبەرلىرى ۋە دېموكراتىيەنى قوغداشنى ئارزۇ قىلىدىغان باشقا تەرەپلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقنى ۋە پۇقرالار ئەركىنلىكىنى قوغداش، ھەمدە كېڭەيتىش ئۈچۈن يولغا قويالايدىغان بىر قاتار تەكلىپلىرى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

تەكلىپلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

دېموكراتىك ماسلىشىش ۋە كوللېكتىپ ھەرىكەتنى كۈچەيتىش. دېموكراتىك دۆلەتلەر رايون سەۋىيەسىدە ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ئىچىدە دېموكراتىك ئۆلچەم ۋە قائىدىلەرنى ئاساس قىلغان خەلقئارالىق تەرتىپنى قوغداش ئۈچۈن تېخىمۇ زور كوللېكتىپ رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

دۇنياۋى ئەركىنلىكنىڭ چېكىنىش ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، خەلقئارالىق دېموكراتىيە ياردىمىگە قايتا ئېنىقلىما بېرىش. دېموكراتىيە ياردىمى پەقەت قىسقىراۋاتقان ئاممۋى خامچوتقىلا تايىنىپ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۇ ھۆكۈمەتلەر، خەير-ساخاۋەت ئورگانلىرى ۋە خۇسۇسىي ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەممىدە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن نەتىجىلەرنى نىشان قىلغان تېخىمۇ كەڭ، كۆپ خىللاشقان ۋە ماسلاشقان مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسىغا، جۈملىدىن ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىي ساھە ھەمكارلىقىغا موھتاج.

يۇقىرالىق سالاھىيىتى شەكىللىنىۋاتقان رەقەملىك بوشلۇقلاردا ياش ئەۋلادلار بىلەن بولغان ئالاقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش. ياش ئەۋلادلارغا مەبلەغ سېلىش — دېموكراتىك ئۆلچەملەرنىڭ كەلگۈسى ئون يىلدا ئۆز قىممىتىنى ساقلىشىغا، چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇشىغا ۋە يېڭىلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەر قانداق ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر.

«دۇنيادىكى ئەركىنلىك» دوكلاتى يەر شارىدىكى 195 دۆلەت ۋە 13 رايوننىڭ سىياسىي ھوقۇق ۋە يۇقىرالار ئەركىنلىكىگە ئائىت كۆرسەتكۈچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يىللىق دوكلاتلارنىڭ 53-سانى ھېسابلانغان بۇ نەشرى 2025-يىلى1-يانۋاردىن 2025-يىلى 31-دېكابىرغىچە بولغان مۇددەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك يۈزلىنىشلەر ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل بىلەن تەمىنلەيدۇ. دوكلاتنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن 1948 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»گە ئاساسلانغان. مەزكۇر دوكلات پۈتۈنلەي فوند جەمئىيەتلىرى، شەخسلەر ۋە شىركەتلەرنىڭ ئىئانىلىرى بىلەن مەبلەغلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ھېچقانداق ھۆكۈمەت مەبلىغىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى

https://freedomhouse.org/article/new-report-global-freedom-declined-20th-consecutive-year-2025?utm_source=chatgpt.com



# تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش

# تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش

## مۇھىم نۇقتىلار

تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئىجابىي تەپەككۇر سىزنىڭ كۆزلىگەن نەتىجىلىرىڭىزگە ئېرىشىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئەكسىچە، سەلبىي تەپەككۇر سىزنىڭ ئىلگىرىلىشىڭىزگە توسالغۇ بولىدۇ.

ئىجابىي تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈش سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىڭىز ۋە ئومۇمىي بەخت-سائادىتىڭىزگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

سىز كۈندىلىك خاتىرە يېزىش، كۈندىلىك پىلان تەييارلاش ۋە ئۆز - ئۆزىڭىزگە ئىجابىي سۆزلەش (ئۆزىگە ئىشەنچ بېرىش) قاتارلىق قوراللاردىن پايدىلىنىپ، تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى ئەمەلىيەتتە سىناپ كۆرسىڭىز بولىدۇ.

تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى — ئىجابىي پىكىرلەر ئىجابىي نەتىجىلەرنى، سەلبىي پىكىرلەر سەلبىي نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. بەزىلەر بۇ «قانۇنىيەت»نىڭ سالامەتلىكىڭىزدىن تارتىپ ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىز ۋە مۇناسىۋەتلىرىڭىزگىچە بولغان بارلىق ئىشلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. بىراق بۇ زادى ھەقىقەتمۇ؟ گەرچە بۇ قاراش «سىر» (The Secret) غا ئوخشاش كىتابلار ئارقىلىق كەڭ ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن مۇتەخەسسىسلەر تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى تۈزۈمۈشىڭىزغا ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدىغان سېھىرلىك قورال بولۇشتىن كۆرە، كۆپىنچە ھاللاردا پسىخىكا ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ كۆرسەتمەكتە.

## تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى قانداق ئىشلەيدۇ؟

تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، سىزنىڭ ئوي - خىياللىرىڭىزدىكى ئېنېرگىيە سىزنىڭ تەجرىبە-كەچمىشلىرىڭىزنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. شۇڭا ئىجابىي ئويلار ئىجابىي كەچمىشلەرنى ياراتسا، سەلبىي ئويلار سەلبىي كەچمىشلەرنى يارىتىدۇ. بۇ قاراشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان تۆۋەندىكىدەك ئاساسلىق ئالەمشۇمۇل پرىنسىپلارنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ:

ئوخشاشلار بىر-بىرىنى تارتىدۇ. بۇ قانۇنىيەت بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر-بىرىنى تارتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىنسانلار ئادەتتە ئۆزىگە ئوخشايدىغان كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىشقا مايىل بولىدۇ. شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئويلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش نەتىجىلەرنى تارتىدۇ. سەلبىي تەپەككۇرنىڭ سەلبىي كەچمىشلەرنى تارتىدىغانلىقىغا، ئىجابىي تەپەككۇرنىڭ بولسا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەرنى يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىلىدۇ.

تەبىئەت بوشلۇقنى ياقتۇرمايدۇ. تارتىش كۈچىنىڭ بۇ پرىنسىپى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تۇرمۇشىڭىزدىكى سەلبىي نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلىسىڭىز، تېخىمۇ كۆپ ئىجابىي نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىش ئۈچۈن بوشلۇق يارىتىلىدۇ. بۇ قاراش «سىزنىڭ زېھنىڭىزدە ۋە تۇرمۇشىڭىزدا پۈتۈنلەي بوشلۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئۇقۇمغا ئاساسلانغان. بۇ پەلسەپەنى قوللىغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ بوشلۇقنى هامان بىرەر نەرسە تولدۇرىدىغان بولغاچقا، شۇ بوشلۇقنى ئىجابىي نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

هازىرقى پەيت ھەممىشە مۇكەممەلدۇر. بۇ پرىنسىپ سىزنىڭ هازىرقى پەيتنى ياخشىلاش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت بىرەر ئىش قىلالايدىغانلىقىڭىزغا بولغان ئىشەنچكە تايىنىدۇ. گەرچە هازىرقى پەيت قانداقتۇر نۇقسانلىق ياكى كەمتۈكتەك كۆرۈنسىمۇ، بۇ پرىنسىپ سىزنى غەم - قايغۇغا پېتىپ قالماي، بەلكى بارلىق زېھنىڭىزنى مۇشۇ پەيتنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى تېپىشقا قارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

## تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى تۇرمۇشتا قانداق تەتبىقلاش كېرەك؟

ئۇنداقتا، تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى قانداق باشلاش كېرەك؟ بۇ قانۇنىيەتكە ئاساسلانغاندا، سىز ئۆز رېئاللىقىڭىزنى ئۆزىڭىز يارىتىسىز. زېھنىڭىزنى نېمىگە قاراتسىڭىز، تۇرمۇشىڭىزغا دەل شۇ نەرسىنى تارتىپ كېلىسىز. يەنى تۇرمۇشىڭىزدا نېمىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنسىڭىز، دەل شۇ ئىش يۈز بېرىدۇ.

تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا سىڭدۈرۈش ئۈچۈن قىلالايدىغان بەزى ئىشلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

شۈكۈر قىلىش

نىشانلىرىڭىزنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈش (تەسەۋۋۇر قىلىش)

ئىش - ھادىسىلەرنىڭ ئىجابىي تەرىپىگە قاراش

سەلبىي تەپەككۇرنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىش

ئىجابىي سۆزلەر ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى روھلاندۇرۇش

سەلبىي ۋەقەلەرگە تېخىمۇ ئىجابىي نۇقتىدىن قايتا باھا بېرىش

گەرچە تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى تۇرمۇشتىكى بارلىق خىرىسلارنى دەرھال ھەل قىلىدىغان چارە بولالمىسىمۇ، ئەمما ئۇ سىزنىڭ تۇرمۇشقا تېخىمۇ ئۇمىدۋار نۇقتىدىن قاراش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. شۇنداقلا، سىزنى ئۆز نىشانلىرىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن توختىماي تىرىشىشقا ئىزچىل ئىلھاملاندۇرىدۇ.

## سىز تۇرمۇشىڭىزدا ئىجابىي ئىشلارنى روياپقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

<u>ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر</u>

سىز تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى نىشانلىرىڭىزغا قاراپ ئىلگىرىلىيەلەيسىز. بۇنىڭ بىر ئۇسۇلى — تۇرمۇشىڭىزغا مۇھەببەتنىڭ كىرىشىگە تۇسالغۇ بولۇۋاتقان ئامىللارنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ يېتىشتۇر.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئاجىز تەرەپلىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەش دېگەندەك مەسىلىلەرنىڭ سىزنىڭ كۈچلۈك مۇھەببەت رىشتىسى باغلىشىڭىزغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىسىڭىز، شۇ قورقۇنچلارنى يېڭىش ئۈچۈن ئەمەلىي قەدەملەرنى باسسىڭىز بولىدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە ئىجابىي پوزىتسىيە بىلەن قاراش سىزنىڭ تېخىمۇ ساغلام مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

<u>خىزمەت</u>

تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى كەسپىي نىشانلىرىڭىزغا يېتىشتىمۇ پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەر بەزىدە كەسپىي ئارزۇ - ئارمانلىرى ھەققىدە پەقەت ئىجابىي ئويلاپ قويۇشلا ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ خاتا چۈشىنىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئاچقۇچى — ئۆزۈن مۇددەتلىك نىشانلىرىڭىزنى يېتەكچى قىلىپ، ھازىرقى ئەھۋالىڭىزدا سىزنى نىشانىڭىزغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئېنىق ۋە ئەمەلىي ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

مەسىلەن، پەقەت يۇقىرى مائاشقا ئېرىشىشنى قۇرۇق ئارزۇ قىلىپ قويۇشلا يېتەرلىك ئەمەس. بازار ئېھتىياجلىق بولغان كەسپىي ماھارەتلەرنى ئىگىلەش، خىزمەتتە يۈكسىلىش يولىنى تۇتۇش، ھەتتا يېڭى بىر خىزمەت پۇرسىتىگە ئىنتىلىش قاتارلىق ئەمەلىي ھەرىكەتلەردە بولۇش — كەلگۈسىدە ئۆز مېۋىسىنى بېرىدىغان

مۇھىم قەدەملەردۇر. تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، زېھنىڭىزنى ئىجابىي يۆنىلىشكە قاراتسىڭىز، كەلگۈسىدە تۇرمۇشىڭىزدا ئىجابىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ.

پۇل-مۇئامىلە

تۇرمۇشىڭىزدا ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن كىچىك قەدەملەر ۋە مۇقىم ئىلگىرىلەش كېرەك. تېخىمۇ كۆپ پۇلغا ئېرىشىش خىيالىنى سۈرۈشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىزنى باھالاپ چىقىشىڭىز؛ ھەمدە ھەم ھازىر، ھەم كەلگۈسى ئۈچۈن ئېرىشمەكچى بولغان نىشانلىرىڭىزنى بېكىتىشىڭىز ئىنتايىن مۇھىم.

تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى كىشىلەرنى «كەمچىللىك تەپەككۇرى»دىن «موللۇق تەپەككۇرى»غا بۇرۇلۇشقا ئۈندەيدۇ. ئۆزىڭىزدە كەم بولۇۋاتقان نەرسىلەرگە زېھنىڭىزنى قارىتىۋالماي، ئەكسىچە بار بولغان نەرسىلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى مەشىق قىلىڭ. مۇشۇنداق قىلغىنىڭىزدا، سىز ئىقتىسادىي نىشانلىرىڭىزغا قاراپ ئىلگىرىلەش جەريانىدا تېخىمۇ ياخشى تەييارلىققا ئىگە بولىسىز، شۇنداقلا ئالدىڭىزغا كەلگەن پۇرسەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايسىز.

## تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى تۇرمۇشىڭىزغا ھەقىقەتەن تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ؟

گەرچە تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى ئىلمىي ئاساستىن خالىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار بۇ قاراشنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىدا ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇ پەلسەپەدىن مەنپەئەتلىنىشىدىكى بەزى سەۋەبلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

مەنىۋىي تەسىرلەر

تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، مەلۇم نەتىجىلەرنى يارىتىشقا ياردەم بېرىدۇ. مەنىۋىيەتنىڭ ئۆزى ساغلاملىق جەھەتتىكى نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، بۇلار تۆۋەندىكىلەردۇر:

بېسىمنىڭ يېنىكلىشى

ساغلاملىقنىڭ ياخشىلىنىشى

چۈشكۈنلۈكنىڭ ئازىيىشى

ئومۇمىي بەخت - سائادەتنىڭ ئېشىشى

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ پەلسەپە ئىش - ھادىسىلەرنى بىزنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز بىلەن بىر يۆنىلىشكە ئەكىلىشكە ياردەمچى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئېنېرگىيەدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ئېنېرگىيە ئوخشىمىغان چاستوتىلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇڭا ئىجابىي ئويلار ئارقىلىق، بولۇپمۇ قولىمىزدا بار بولغان نەرسىلەرگە شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق ئېنېرگىيە چاستوتىسىنى ئۆزگەرتىش ئىنتايىن مۇھىم.

مىننەتدارلىقتا تولغان ئىجابىي ئوي - پىكىر ۋە ھېسسىياتلاردا بولۇش، شۇنداقلا دىققىتىمىزنى ئۇمىدسىزلىككە ئەمەس، بەلكى ئارزۇ - ئارمانلىرىمىزغا مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئېنېرگىيە چاستوتىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز. تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى تۇرمۇشىمىزغا ئىجابىيلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بىزنىڭ نېمىگە ئېرىشىشىمىز — دىققىتىمىزنى نەگە ۋە قانداق ئىشقا قارىتىشىمىزغا باغلىق.

بەخت - سائادەتنى ئاشۇرۇش

تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىدىن پايدىلىنىش يەنە روھىي ساغلاملىقىمىزغا ئىجابىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. يېڭى بىر رېئاللىققا ئېرىشىشكە زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىش ئارقىلىق، بىز تېخىمۇ كۆپ تەۋەككۇل قىلىشقا، تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتلەرنى بايقاشقا ۋە يېڭى ئىمكانىيەتلەرگە سىلجىشقا مايىل بولىمىز. ئەكسىچە بىرەر ئىشنىڭ بىز ئۈچۈن مۇمكىنچىلىك دائىرىسىدە ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگىنىمىزدە، پۇرسەتلەرنى سەزمەيلا قولدىن بېرىپ قويۇشقا مايىل بولىمىز.

ئۆزىمىزنى ياخشى ئىشلارغا لايىق ئەمەس دەپ قارىغىنىمىزدا، ئەسلا ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيمىز. ئۆزىمىزگە بولغان چۈشەنچىمىزنى ۋە ھاياتقا بولغان ھېس - تۇيغۇمىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، تۇرمۇشىمىزدىكى سەلبىي ئەندىزىلەرنى يوق قىلىپ، تېخىمۇ ئىجابىي، ئۈنۈملۈك ۋە ساغلام تۇرمۇش ئەندىزىلىرىنى يارىتالايمىز. بىر ياخشى ئىش يەنە بىر ياخشى ئىشقا يول ئاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاياتىنىڭ يۆنىلىشى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەش گىرداۋىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەشكە قاراپ سىلجىيدۇ.

پىسخولوگىيە پەنلىرى دوكتورى رەچىل گولدمان مۇنداق دەيدۇ: «ئويلىرىمىز ھېسسىياتىمىزغا ۋە ھەرىكىتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۆز - ئۆزىمىزگە سۆزلىگەندە ئىشلىتىدىغان سۆز - ئىبارىلىرىمىزگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۆز - ئۆزىمىز بىلەن قىلىشقان مونولوگلىرىمىزمۇ رېئاللىققا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.»

ئۇمىدۋارلىق ھەققىدىكى تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇمىدۋار كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى تېخىمۇ ياخشى، ھاياتى تېخىمۇ بەختلىك ۋە تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولىدۇ. ئۇلاردا ئۆز زېھنىنى ئۇتۇقلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈش ۋە مەغلۇبىيەتلىرىگە روھىي جەھەتتىن سەل قاراش (ئۇنى كىچىكلىتىپ ھېس قىلىش) ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدىغان خۇسۇسىيەتلەر بار.

نۇرغۇنلىغان پسىخىكىلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۆز-ئۆزىڭىز بىلەن قىلىشقان مونولوگلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تۇرمۇشىڭىزنى ئىجابىي يۆنىلىشكە بۇرىيالايسىز. تونۇش - ھەرىكەت داۋالاش ئۇسۇلى (CBT) — نۇرغۇن روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا كەڭ قوللىنىلىدىغان ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى ئۇسۇل بولۇپ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدىغان سەلبىي ئويلارنى بايقاش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ ئىجابىي ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى روھىي ساغلاملىققا ئېرىشىشكە ياردەم بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت قاراشقا ئاساسلانغان.

گولدمان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كەيپىياتىڭىز ياخشى بولسا، بۇ تاشقى قىياپىتىڭىزدىن چىقىپ تۇرىدۇ! ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز كامىل ۋە كەيپىياتىڭىز ياخشى بولغاندا، ئۆزىڭىزنى پۈتۈنلەي باشقىچە نامايان قىلىسىز. شۇنىڭ بىلەن بىز خۇددى ماگنىتقا ئوخشاش — ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئېنېرگىيەگە ئىگە كىشىلەرنى جەلپ قىلىمىز.»

ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى

بىر تەتقىقاتتا بايقىلىشىچە، روياپقا چىقىرىشقا (يەنى ئارزۇلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا) ئىشىنىدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنى تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق دەپ ھېس قىلىدىكەن، تېخىمۇ يۇكسەك ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈكىدىكەن ۋە كەلگۈسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولىدىكەن. گەرچە بۇ نىشان بېكىتىشتە پايدىلىق بولسىمۇ، تەتقىقاتچىلار يەنە بۇ كىشىلەرنىڭ خەتەرلىك مەبلەغ سېلىشقا تېخىمۇ مايىل بولىدىغانلىقىنى، ۋەيران بولۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ۋە بىر نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىتنى تۆۋەن مۆلچەرلەيدىغانلىقىنى بايقىغان.

## تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى مەشىق قىلىش تەكلىپلىرى

تۆۋەندىكى بىر قىسىم مەشىقلەر تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى ئۆز تۇرمۇشىڭىزدا ئەمەلىيەتتە سىناپ كۆرۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭ بىر قىسىم ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

كۆندىلىك خاتىرە يېزىش. ئويلىرىڭىزنى يېزىپ مېڭىش سىزنىڭ ئادەتتىكە ئايلانغان تەپەككۇر ئەندىزىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى تونۇشىڭىزغا، ئۈمىدۋارلىق ياكى ئۈمىدسىزلىككە مايىللىقىڭىزنى بىكىتىشىڭىزگە ۋە سەلبىي تەپەككۇر ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىشنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

كەيپىيات تاختىسى تەييارلاش. بۇ كۆرۈنمە ئەسكەرتكۈچ سىزنىڭ ئىجابىي تەپەككۇرنى ساقلىشىڭىزغا، ئىزچىل ئىلھاملىنىشىڭىزغا ۋە زېھنىڭىزنى نىشانىڭىزغا مەركەزلەشتۈرۈشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.

قوبۇل قىلىشنى مەشىق قىلىش. هازىرقى ئەھۋالنىڭ خاتالىقىغا ياكى نېمىلەرنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىگە زېھنىڭىزنى يىغىۋالماي، ئەكسىچە ئىشلارنى ئەسلىدىكىدەك قوبۇل قىلىشقا تىرىشىڭ. بۇ سىزنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشىشتىن توختاپ قالىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرمەيدۇ. پەقەت هازىرقى ئەھۋالنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى خىيال قىلىپ، شۇنىڭ ئىچىدە پېتىپ قالماسلىقىڭىزنىلا بىلدۈرىدۇ.

ئۆزىڭىزگە ئىجابىي سۆزلەرنى قىلىشنى مەشىق قىلىڭ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى ھەددىدىن زىيادە تەنقىد قىلىشقا مايىل بولۇۋاتقان ۋە بۇ سەۋەبلىك قىيىنىلىۋاتقان بولسىڭىز، هەر كۈنى ئۆزىڭىزگە ئىجابىي سۆز قىلىشنى (ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ بېرىش) نىشان قىلىپ بېكىتىڭ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىش بارغانسېرى ئاسانلىشىدۇ. ئاقىۋەتتە سەلبىي تەپەككۇرنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تېخىمۇ قىيىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

## تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى قوللانغاندا ساقلىنىشقا تېگىشلىك خاتالىقلار

«سىر» (The Secret) غا ئوخشاش كىتابلاردىكى، شۇنداقلا بەزى كىشىلەرنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىدىكى بىر مەسىلە شۇكى، ئۇلار ھېچقانداق ئەمەلىي ھەرىكەت قىلماستىن، پەقەت «ياخشى ئىشلار يۈز بېرىدۇ» دەپ ئىشىنىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا بىزنى بارلىق ئارزۇلىرىمىزغا ئېرىشتۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۈمىدۋار قاراش ئەمەلىيەتتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ، دەل مۇشۇ خىل ھەرىكەتلەر ئۈمىدۋار كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا زور نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۈمىدۋار كىشىلەر تۇرمۇشتىكى مەنپەئەتلەرگە پەقەت پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆزى بىلەنلا ئېرىشمەيدۇ، بەلكى شۇ پوزىتسىيە ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ھەرىكەتلەر رېئال ئۆزگىرىشلەرنى يارىتىدۇ.

ئىشەنچىڭ ھەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىشى ئۈچۈن، تۆۋەندىكىلەرگە ئوخشاش بىر قىسىم مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بولۇشى زۆرۈردۇر:

نىشانلار

زېھنىي ئويغاقلىق

چىڭ تۇرۇش (ۋەدىگە ۋاپا قىلىش)

ئىلھام ۋە تۈرتكە

ۋاقىت جەدۋىلى

خىرىسلار

قوللاش

«سىر» (The Secret) ۋە تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى ھەققىدىكى باشقا كىتابلارنى تەنقىد قىلغۇچىلار يەنە بىر رېئال ئەنسىرەشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. كىشىلەر ئۆز كونتروللۇقىدىن سىرت بولغان سەلبىي ۋەقەلەر، مەسىلەن، تاسادىپىي ۋەقەلەر ۋە يارىلىنىش، ئىقتىسادىي چېكىنىش سەۋەبلىك ئىشتىن بوشىتىلىش ياكى ئېغىر كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلىشى مۇمكىن.

بىز ھەممىشە ئۆزىمىز دۇچ كەلگەن شارائىتلارنى كونترول قىلالمايمىز، ئەمما بىزنىڭ شۇ شارائىتلارغا قايتۇرغان ئىنكاسىمىزنى كونترول قىلالايمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى قىيىن ئەھۋاللاردا چىدامچانلىق كۆرسىتىشكە كېرەكلىك بولغان ئۈمىدۋارلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق پوزىتسىيەسى بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. ئەمما ئۇنى ھەرگىزمۇ ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەشنىڭ قورالى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

سىز دۇچ كەلگەن خىرىسلارغا قايتۇرغان ئىنكاسىڭىز سىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلالايدۇ. شۇنداق بولغاندا تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى سىزنى مۇشۇنداق كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىلھاملاندۇرالىسا پايدىلىق بولىدۇ. ئەمما ئۇنى سەلبىي شەكىلدە تەتبىقلاشقا بولمايدۇ، بولمىسا ئۇ ياردەم قىلىشتىن كۆرە تېخىمۇ زور ۋەيران قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ.

## بۇ قاراش نەدىن كەلگەن؟

تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى يېقىنقى يىللاردا كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇقۇم تۇيۇقسىز پەيدا بولغان يېڭى نەرسە ئەمەس. بۇ قاراشلارنىڭ پەلسەپىۋى يىلتىزى 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى «يېڭى تەپەككۇر» (New Thought) دەپ ئاتالغان ئېقىمغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

20 - ئەسىردە، بولۇپمۇ 2006-يىلى «سىر» (The Secret) ناملىق كىنو ئىشلەنگەندىن كېيىن، بۇ قاراشقا بولغان قىزىقىش قايتىدىن ئەۋج ئالدى. كېيىنچە بۇ كىنو ئوخشاش نامدىكى ئەڭ كۆپ سېتىلغان كىتابقا ۋە 2010 - يىلى ئۇنىڭ داۋامى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان «كۈچ» (The Power) ناملىق كىتابقا ئايلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى يۈزلىنىشلەر ۋە تەسىرلەرمۇ بۇ قاراشلارنىڭ تېخىمۇ كەڭرى تارقىلىشىغا ۋە كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولماقتا. تاراتقۇلاردىكى يازمىلار، سىنلار ۋە تۈرلۈك پائالىيەت - تەشەببۇسلار كۆپىنچە تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىگە ئالاقىدار بولغان ئىجابىي تەپەككۇر ۋە رويابقا چىقىرىش (ئارزۇلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش) قاتارلىق تېمىلارنى ئاساس قىلماقتا.

ئىنگلىزچىدىن ئۇ. ئالماس تەرجىمىسى

https://www.verywellmind.com/understanding-and-using-the-law-of-attraction-3144808

# ئىراندىكى نامايىش ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى



# ئىراندىكى نامايىش ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى

«قوغدىغۇچى» گېزىتى

ئىران ھۆكۈمىتى پۇلىنىڭ قىممىتىنىڭ شىددەت بىلەن تۆۋەنلىشى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىشىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئەڭ كۆلەملىك نارازىلىق نامايىشلىرىدىن كېيىن، نامايىش رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىشكە چاقىرىق قىلدى.

نامايىشلار يەكشەنبە كۈنى ئىران پۇلىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا بولغان پېرىۋوت نىسبىتى تارىختىكى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، تېھران شەھەر مەركىزىدىكى سودىگەرلەر ۋە دۇكاندارلار دۇكانلىرىنى تاقىغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ پايتەخت تېھراندا، شۇنداقلا ئىسفاھان، شىراز ۋە مەشھەد قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە كەڭ كۆلەملىك نامايىشلار باشلانغان.

نامايىشچىلار ھۆكۈمەتكە قارشى شوئارلارنى توۋلىغان. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى سىنلاردا نامايىشچىلارنىڭ «قورقماڭلار، بىز بىرلىكتە» ۋە «ئازادى» (پارس تىلىدا ئەركىنلىك دېگەن مەنىدە) دەپ شوئار توۋلىغانلىقى كۆرۈنگەن. سىن كۆرۈنۈشلىرىدە يەنە تولۇق قوراللانغان ئىران ساقچىلىرىنىڭ نامايىشچىلارغا ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ئاتقانلىقىمۇ ئەكس ئەتكەن.

بۇ قېتىملىق نامايىشلار 22 ياشلىق مەھسا ئامىنىنىڭ ھىجابنى توغرا ئارتمىغانلىقى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنىپ، ساقچىخانىدا قازا قىلىشىدىن كېيىن، دۆلەتنى زىلزىلىگە سالغان نامايىش دولقۇنىدىن بۇيانقى ئەڭ زور كۆلەملىك نارازىلىق ھەرىكىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئىران ساقچىلىرى تورنى ئۈزۈۋېتىش، ياش ئاققۇزۇش بومبىسى ۋە نارازىلىق كۆرسەتكۈچىلەرگە ئوق چىقىرىش قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن نامايىشلارنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرغان ئىدى.

سەيشەنبە كۈنى ئىران پرېزىدېنتى مەسئۇد پەزەشكىيان ھۆكۈمەتكە نامايىشچىلارنىڭ «ئورۇنلۇق تەلەپلىرى»گە قۇلاق سېلىشقا بۇيرۇدى. ھۆكۈمەت باياناتچىسى نارازىلىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن سۆھبەت مېخانىزمى قۇرۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

پەزەشكىيان ئۆزىنىڭ «X» ھېسابىدا ئېلان قىلغان يازمىسىدا: «خەلقىمىنىڭ تۇرمۇشى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئەندىشەم» دەپ يازدى. ئۇ يەنە ھۆكۈمەتنىڭ «پۇل-مۇئامىلە ۋە بانكا سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ھەمدە خەلقنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەلىي تەدبىرلەرنى كۆن تەرتىپكە قويغانلىقى»نى قوشۇپ ئۆتتى.

تەھلىلچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىران ھۆكۈمىتى يازدىكى ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان 12 كۈنلۈك ئۇرۇشتىن بۇيان، ئۆزىنىڭ «يېڭىلمەس تۇزۇم» دېگەن ئوبرازى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن دۆلەت ئىچىدىكى باستۇرۇشنى ئازايتقان. مەسىلەن، «ئەخلاق ساقچىلىرى» تېھراندا ئىجتىمائىي پەرمانلارنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى بەزىدە بوشاشتۇرغان.

ئىران تاراتقۇلىرى ھۆكۈمەتنىڭ يېقىنقى ئەركىنلەشتۈرۈش سىياسەتلىرىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. دۈشەنبە كۈنى دۆلەت تېلېۋىزىيەسى مەركىزى بانكا باشلىقى مۇھەممەد رىزا فارزىننىڭ ئىستېپا بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇ ۋەقە ئىران رىيالىنىڭ بىر دوللارغا بولغان نىسبىتى بىر مىليون 420 مىڭغا يەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى يۈز بەردى. فارزىن 2022-يىلى ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندا، بىر دوللارنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 430 مىڭ رىيال ئىدى.

سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ تۆۋەنلىشى ئىراننىڭ ئالىبۇرۇن ئېغىرلاشقان ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا كۈندىلىك ئېھتىياجلىق بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى خەلقنىڭ چىقىنالاش ئىقتىداردىن بارغانسېرى ئېشىپ كەتمەكتە.

ئىران ھۆكۈمەت ستاتىستىكا مەركىزىنىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، يېمەكلىك باھاسى ئۆتكەن يىلنىڭ مۇشۇ مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا 72%، تېببىي بۇيۇملارنىڭ باھاسى 50% ئۆسكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت 21-مارت باشلىنىدىغان ئىران يېڭى يىلدا باجنى ئۆستۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئىران ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىچىدە نامايىشلارغا دۇچ كېلىۋاتقان بىر پەيتتە، يەنە سىرتتىن كېلىدىغان يېڭى ھۇجۇم تەھدىتلىرىگىمۇ دۇچ كەلمەكتە. دونالد ترامپ دۈشەنبە كۈنى «ئەگەر ئىران يادرو پىلانىنى قايتا قۇرۇشقا ئۇرۇنسا، ئامېرىكىنىڭ ئىرانغا قارىتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەربىي زەربە بېرىشى مۇمكىنلىكى»نى ئاگاھلاندۇردى.

ئامېرىكا ئىيۇن ئېيىدا ئىراننىڭ مۇھىم يادرو يېقىلغۇسىنى قويۇلدۇرۇش نۇقتىلىرىغا قارىتا يەر ئاستى مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىدىغان بومبىلار (bunker-buster) بىلەن كەڭ كۆلەملىك زەربە بەرگەن

ئىدى. ترامپ دۈشەنبە كۈنى ئىسرائىلىيە پرېزدېنتى بېنجامىن نېتانياھۇ بىلەن بولغان كۆرۈشۈشتە، ئىيۇندىكى زەربە بېرىش نۇقتىلىرىنىڭ سىرتىدا يەنە يادرو پائالىيەتلىرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى.

ترامپ: «ھازىر ئىراننىڭ (يادرو پىلانىنى) قايتا قۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلىۋاتقان بولسا، بىز ئۇلارنى تارمار قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز ئۇلارنى تارمار قىلىمىز. ئۇلارنىڭ يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز. ئەمما بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن»، دېدى.

ئىران ھازىر ھېچقانداق يەردە ئۇران قويۇلدۇرمايۋاتقانلىقىنى، يادرو پىلانىنىڭ پۈتۈنلەي تىنچلىق مەقسىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىران تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئابباس ئاراغچى «قوغدىغۇچى» (The Guardian) گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە، ئىراننىڭ ئامېرىكا بىلەن سۆھبەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئاراغچى ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازدى: «ئىران بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى يادرو سۆھبىتى جەريانىدا ئىسرائىلىيەنىڭ دىپلوماتىيەگە قىلغان ھۇجۇمىغا قارىماي، ئىران يەنىلا ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر كېلىشىمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.»

**ئىنگلىزچىدىن ئۆ. ئالماس تەرجىمىسى**

https://www.theguardian.com/world/2025/dec/30/iran-protesters-demands-widespread-dissent-currency-living-standards?utm_source=chatgpt.com



# سۈرەلمىلىكنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى يېڭىش

دومىنىك ج. ۋوگ

# سۆرەلمىلىكنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى يېڭىش

دومىنىك ج. ۋوگ

نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەر سۆرەلمىلىك قىلىدۇ، ئۇنى قانداق يېڭىش كېرەك؟

كۆپىنچە كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، سۆرەلمىلىكنىڭ ئۇلار بىلەن قىلچىمۇ ئالاقىسى يوق، ئۇ ھەرگىزمۇ ھورۇنلۇقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، سۆرەلمىلىك قىلىش پەقەت ئۇزۇن مۇددەت جىددىي ئىشلەشتىن كېيىنكى ئازراق سوزۇلۇۋېلىشتىن ئىبارەت. ئۇزۇن مەزگىل قاتتىق ئىشلەش ھورۇنلۇقنىڭ ئەكسى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ سۆرەلمىلىك قىلىشنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. ئۇنداقتا، ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن سۆرەلمىلىك قىلىدۇ، بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، بەزىلەر سۆرەلمىلىك ھورۇنلۇقنىڭ ئالامىتى دېيىشسە، يەنە بەزىلەر سۆرەلمىلىك قىلغاندا «ياخشىراق ئىشلەيمىز» دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا بېسىم ئاستىدا «ئەڭ ياخشى ئىشلەيمىز» دېيىشىدۇ. مەن سىزنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىشىڭىزنى ۋە ئويلىنىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. مۇشۇنداق دەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى سۆرەلمىلىك قىلىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئەزەلدىن بىرەرمۇ مۇھىم ئىلمىي ۋەزىپىنى مۆھلەت ئىچىدە ئورۇنلاپ باقمىغان. گەرچە پىلان تۈزۈش، ئىجرا قىلىش، قايتا كۆرۈپ چىقىشقا يېتەرلىك ۋاقىت بولسىمۇ ئەھۋال يەنىلا شۇنداق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئەھۋال ئاستىدا خىزمەت قىلسا ئۇنۇمنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك بولىدىغانلىقىنى ھەققىدە سېلىشتۇرما قىلىپ باقمايدۇ. ئەگەر سىز ھەمىشە سۆرەلمىلىك قىلسىڭىز، ھەمدە ۋەزىپىلىرىڭىزنى ئەزەلدىن سېستىمىلىق بىرتەرەپ قىلمىسىڭىز، ئۇنداقتا بېسىم ئاستىدا «تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيمەن» دەپ ئېنىق ئېيتالمايسىز. يەنە بەزىلەر ئىشلارنى ئاخىرقى مىنۇتقا قالدۇرۇپ، مۆھلەت توشقاندا ئاندىن «جىددىي» تۇيغۇسىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما ئۇلار بۇنداق گەپنى ئادەتتە مۆھلەت بەلگىلەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا دېيىشىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ خىل ئۇسۇلنى ئىشلار دۆۋىلىنىپ كېتىشنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە ئۈنۈملۈك دەپ قارىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار سۆرەلمىلىكنىڭ سەلبىي تەسىرلىرىنى، مەسىلەن، ئەنسىزلىك ۋە بېسىم، چارچاش ھەمدە ئىش ئۈنۈمىنىڭ

ئۆلچەمگە يەتمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئۈمىدسىزلىكلەرنى ئۈنتۈپ قالغانلىقى سەۋەبلىك، تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنى بىر مەزگىل توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىشلارنى ئاخىرقى مىنۇتقا قالدۇرۇش، خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئېھتىماللىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىدۇ. مەسىلەن، ئاغرىپ قېلىش ياكى كومپيۇتېردىن چاتاق چىقىش دېگەندەك مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشى، ئارزۇ قىلىغان نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، سۆرەلمىلىك بىزگە مۇشۇنداق ئېغىر تەسىرلەرنى كۆرسەتسىمۇ، ھەتتا مەغلۇب بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇۋەتسىمۇ بىز يەنىلا سۆرەلمىلىك قىلىمىز. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟

سۆرەلمىلىك پەقەت ۋاقىت باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ناچارلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس، ئۇنىڭ كەينىگە مۇرەككەپ پسىخىكىلىق ئامىللار يوشۇرۇنغان بولۇشى مۇمكىن. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار دائىم باھالىنىپ تۇرغاچقا، بولۇپمۇ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا بۇنداق پسىخىكىلىق ئامىل تېخىمۇ روشەنلىشىپ كېتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇر بېسىمىنىڭ ئېشىشى ئۇلارنىڭ ئىپادىسىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سۆرەلمىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى قوغداشتىكى بىر خىل تاكتىكىسى. مەسىلەن، سۆرەلمىلىك سەۋەبىدىن مەغلۇب بولسىڭىزمۇ، ھەمىشە «ۋاقىت يەتمىدى» دېگەن باھانىنى تاپالايسىز، شۇنداق قىلالىسىڭىز ئىقتىدارىڭىزغا بولغان تۇيغۇڭىز ھەرگىز تەھدىتكە ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن، بىر دىسسېرتاتسىيە يېزىش بېسىمى چوڭ ئەھۋال ئاستىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېسىمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن سۆرەلمىلىك قىلىشى ھەيران قالارلىق ئەمەس. كۆپىنچە ئەھۋالدا سۆرەلمىلىك قىلىش بىلەن مەسئۇلىيەتتىن قېچىشنىڭ سەۋەبلىرى، كەيپىياتنىڭ ناچار بولۇشى ياكى بەكلا ياخشى بولۇشى، كونتروللۇقنى يوقىتىش، گاللۋاڭ كۆرۈنۈپ قېلىش، ھەمدە ئۆزىگە بولغان تونۇش ياكى ئۆزلۈك قارىشى خىرىسقا ئۇچراشتىن ئىبارەت. بىز ئىقتىدارىمىزنىڭ باھالىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن قاچىمىز. مۇبادا تاسادىپىي مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ قالساق، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ «ئەقىللىق» ھېس قىلىمىز. ئۇنداقتا سۆرەلمىلىك خاھىشىنى يېڭىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلالايمىز؟

ئالدى بىلەن، سۆرەلمىلىكنى يېڭىش ئۈچۈن، نېمىشقا سۆرەلمىلىك قىلىدىغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبلىرىنى ۋە سۆرەلمىلىكنىڭ ھاياتىڭىزدىكى سەلبىي تەسىرىنى چۈشىنىشىڭىز لازىم. مەسىلىنىڭ ئاساسىنى ھەقىقىي چۈشەنمىسىڭىز، ئۇنۇملۇك ھەل قىلىش چارىسىنى تاپالمايسىز. كۆپىنچە مەسىلىلەرگە ئوخشاش، ئاڭلىقلىق ۋە ئۆزىنى تونۇش سۆرەلمىلىكنى قانداق تۈگىتىشنى بىلىشنىڭ ئاچقۇچى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچۈن سۆرەلمىلىكنىڭ ئۇلارنى ئۆز قابىلىيىتىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىق تۇيغۇسىدىن ساقلايدىغانلىقىنى چۈشىنىش ۋە ئۇلار ناۋادا سۆرەلمىلىك ھالىتىگە قايتماقچى بولسا، بۇنى ئېسىدە ساقلاش ئارقىلىق مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. مەسىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سۆرەلمىلىكنى يېڭىشىگە ياردەم بەرگەن ئىككى پسىخولوگ، جەين بۇركا (Jane Burka) ۋە لېنورا يۇئېن (Lenora Yuen) ئۆزلىرىنىڭ «سۆرەلمىلىك قىلغۇچىلار ئوينايدىغان ئەقىل ئويۇنلىرى» (بۈگۈنكى پسىخولوگىيە، 1982-يىلى 1-ئاي) ناملىق ماقالىسىدە، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار

ئۇچۇن «سۆرەلمىلىكنىڭ يوشۇرۇن يىلتىزىنى چۈشىنىش كۆپىنچە ئۆلارنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ» (33-بەت) دەپ دوكلات قىلغان. پەقەت سۆرەلمىلىكنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرىنى بىلىشلا ئۇنى تۈگىتىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

### ۋاقىت باشقۇرۇش

سۆرەلمىلىكنى يېڭىش ئۇچۇن، ۋاقىت باشقۇرۇش ماھارىتى ئىنتايىن مۇھىم. ئەمما بۇلارنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. ۋاقىت باشقۇرۇشنىڭ ھەممە ئۇسۇللىرى سۆرەلمىلىكنى يېڭىشتە ئۈنۈملۈك بولىۋەرمەيدۇ. بەزى ۋاقىت باشقۇرۇش ماھارىتى سۆرەلمىلىكنى يېڭىشقا ماس كېلىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا ئەھۋالنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەنسىزلىك ۋە قورقۇنچنى ئازايتىدىغان ۋە ۋەزىپىلەرنى تاماملىيالىغانلىقتىن ئېرىشكەن رازىمەنلىك ۋە مۇكاپاتلىنىشنى تەكىتلەيدىغان ئۇسۇللار ئەڭ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. ۋەزىپىلەرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى تەكىتلەيدىغان ۋە ئەنسىزلىكنى كۈچەيتىۋېتىدىغان ئۇسۇللار ئەمەلىيەتتە سۆرەلمىلىكنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىشى مۇمكىن. مۇبادا «قىلىدىغان ئىشلار» نىڭ ئۇزۇن تىزىملىكىنى تۈزۈش ياكى كۈنىڭىزنىڭ ھەر بىر مىنۇتىنى پىلانلاش سىزنىڭ بېسىمىڭىزنى ئاشۇرۇپ، سۆرەلمىلىكنى ئېغىرلاشتۇرىۋەتسە، مۇۋاپىق نىشانلارنى بېكىتىش (مەسىلەن، ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىشلارنى تىزىملاش)، چوڭ ۋەزىپىلەرنى پارچىلاپ كىچىك باسقۇچلارغا بۆلۈش، تاماملانغان خىزمەت ئۇچۇن مۇكاپات سۈپىتىدە ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ۋاقىت ئاجرىتىش قاتارلىق ئىشلارنى سىناپ بېقىڭ.

### رىغبەتلەندۈرۈش

سۆرەلمىلىكنى يېڭىش ئۇچۇن، ئىجابىي رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ناھايىتى مۇھىم. بۇ رىغبەتلەندۈرۈش كۈچى ئىجابىي سەۋەبلەردىن پەيدا بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئىجابىي سەۋەب دېگىنىمىز، سىزنى ئۆگىنىش ۋە نەتىجە يارىتىشقا ئۈندەيدىغان، ئاكتىپ، ئۈنۈملۈك ۋە رازىمەنلىك ھېسسىياتى ئېلىپ كېلىدىغان سەۋەبلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەۋەبلەر مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش، ئاتا-ئانىنىڭ نارازىلىقىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۇچۇن بىرەر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش بىلەن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. گەرچە بۇلار بىر ئىش قىلىشنىڭ كۈچلۈك سەۋەبلىرى بولالىسىمۇ، رىغبەتلەندۈرۈش كۈچى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجابىي سەۋەب بولالىشى ناتايىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ناچار بولۇپ، كۆپىنچە سەلبىي تۇيغۇ ۋە ھەرىكەتلەرنى قوزغىغاچقا، ئۈنۈملۈك ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز ئەخمەق كۆرۈنمەسلىكىڭىز كۆڭۈل بۆلسىڭىز، سوئال سورىماسلىقىڭىز، يېڭى ساھەلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلماسلىقىڭىز، يېڭى ئۇسۇللارنى سىناپ باقماسلىقىڭىز ياكى يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ۋە يېڭى پەللىگە يېتىش ئۇچۇن زۆرۈر بولغان خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئىجابىي رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىنى

قوزغىتىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى نىشانىڭىزنى بېكىتىش ۋە ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشتۇر. بىرەر كۇرسقا قاتنىشىشتىكى شەخسىي سەۋەبلىرىڭىزنى ئېنىق يېزىڭ ۋە نىشان بەلگىلەش جەدۋىلى ئارقىلىق نىشانىڭىزغا يېتىشتىكى ئىلگىرىلەش ئەھۋالىڭىزنى نازارەت قىلىڭ. سەۋەبلىرىڭىز ۋە نىشانلىرىڭىزغا دىققەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. باشقىلارنىڭ نىشانى سىز ئۈچۈن نىشان ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىيەتتۇر.

## قىزىقىشنى ساقلاش

سۆرەلمىلىكنى يېڭىشنىڭ يەنە بىر ئاچقۇچى دەرسكە پائال قاتنىشىشتۇر. ئەگەر دەرسكە قاتنىشىشتا پاسسىپ بولسىڭىز، دەرس ۋە ئۇنىڭ تېمىلىرىغا ھەقىقىي «كىرىشەلمەيسىز». بۇ سىزنىڭ قىزىقىشىڭىزنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، سىز پاسسىپ بولغانسېرى دەرس ۋە دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تولۇق چۈشىنەلمەسلىكىڭىز، ئۇلار شۇنچىلىك مەنىسىز ۋە قالايمىقان تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا ئۇلار تېخىمۇ زېرىكىش ۋە ئۈمىدسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. ئىنسانلار ئادەتتە زېرىكىشلىك ياكى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرسلەرنى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى ھەقىقىي چۈشىنىشكە تىرىشىڭ، ئۇلارنى پەقەت يادلىۋېلىش ياكى يۈزەكى بىرەر قۇر قاراپ چىقىپلا بولدى قىلىشنىڭ ئورنىغا تۆۋەندىكىلەرنى سىناپ بېقىڭ: (1) دەرسلىك ماتېرىياللىرىدىن ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان، مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئىزدەپ بېقىڭ؛ (2) ھەر بىر ئوقۇشلۇق ۋە دەرسنى ئۆزىڭىزنىڭ مەقسىتىڭىز ئاساسىدا بېكىتىڭ؛ ھەمدە (3) ئۆزىڭىز ۋە باشقىلاردىن ئۆگەنگەن مەزمۇنلار توغرىسىدا سوئال سوراشقا تىرىشىپ بېقىڭ.

## سۆرەلمىلىكنى يېڭىشتىكى تەۋسىيەلەر

نېمە ئۈچۈن سۆرەلمىلىك قىلىدىغانلىقىڭىز، ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئادەتلىرىڭىز ۋە ئوي-پىكىرلىرىڭىز ئۈستىدە ئويلىنىڭ.

سۆرەلمىلىككە سەۋەب بولىدىغان ھېس - تۇيغۇلار ۋە ئۇنىڭ سىزگە قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەھلىل قىلىڭ. بۇ ھېس - تۇيغۇلار ئىجابىي ۋە ئۇنۇملۇك تۇيغۇلارمۇ؟ ئۇلارنى ئۆزگەرتىش كېرەكمۇ يوق؟

مەسىلىگە باشقا نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ بېقىڭ. چوڭ بىر ۋەزىپىنى كىچىك پارچىلارغا بۆلۈپ قارىسىڭىز ئانچە قورقۇنچلۇق كۆرۈنمەيدۇ. تاپشۇرۇق ئىشلەشتە پەقەت نومۇردىن باشقا نىمىگە ئېرىشىدىغانلىقىڭىز ھەققىدە، ۋەياكى ئۈستىڭىزگە ئالغان ۋەزىپىنىڭ سىزنى جەلپ قىلالايدىغان تەرەپلىرى ھەققىدە ئويلىنىڭ.

مۇبادا ئۆزىڭىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلسىڭىز، ئالدى بىلەن كىچىكرەك ۋەزىپىنى تاماملاشتىن باشلاڭ ۋە ئۇنى يېزىپ قويۇڭ. ھەر بىر ۋەزىپىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنى مۇكاپاتلاڭ. ۋاقىت جەدۋىلىڭىزگە ياكى «قىلىدىغان ئىشلار» تىزىملىكىڭىزگە پەقەت نىمىلەرنى قىلالايدىغانلىقىڭىزنى يېزىڭ ھەمدە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يازغىنىڭىزنى ئورۇنداڭ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق، سۈرەلمىلىك ئادىتىڭىزنى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرتىپ، دېگىنىڭىزنى قىلالايدىغان بولىسىز ھەمدە تەدرىجىي ھالدا ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىزنى قايتا تىكلىيەلەيسىز.

مەكتەپنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشكە باشلاشتىن بۇرۇن ئۆگىنىش ئورنىڭىزنى ۋە بىللە ئۆگىنىش قىلىدىغان ھەمراھلىرىڭىزنى ئەستايىدىل تاللاڭ. بۇلارنى ياخشى تاللىيالمىسىڭىز، مەسىلەن، كارىۋاتتا، قەھۋەخانىدا ياكى دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە «ئۆگىنىش» قىلماقچى بولسىڭىز، بۇلار سۈرەلمىلىككە سەۋەب بولىدۇ. بۇلار ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر.

دىققىتىڭىزنى نىمىنى قىلالمايدىغانلىقىڭىزغا ئەمەس، نىمە قىلماقچى بولغانلىقىڭىزغا قارىتىڭ. ئۆزىڭىزگە ئىجابىي، كونكرېت، ئەھمىيەتلىك ئۆگىنىش ۋە نەتىجە نىشانلىرىنى بەلگىلەش ئارقىلىق، مەلۇم ئىشنى قىلىشنىڭ ئىجابىي سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئويلىنىڭ.

نىشانغا يېتىش ۋە ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش ۋاقىت ۋە كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان رېئاللىققا ئۇيغۇن بولمىغان ئۈمىدلەر بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ يولىنى توسماڭ.

ئۆزىڭىز بىلەن سۆزلىشىڭ – قانداق ئويلايدىغانلىقىڭىزغا ۋە ئۆزىڭىز بىلەن قانداق سۆزلىشىۋاتقانلىقىڭىزغا دىققەت قىلىڭ. ئۆزىڭىز بىلەن سۆزلەشكەندە كونا، پايدىسىز شەكىلدە سۆزلىشىشنىڭ ئورنىغا، نىشانلىرىڭىزنى ئەسلىتىدىغان ئۇسلۇبتا سۆزلىشىشنى ئادەت قىلىڭ. يەنى «مەن قىلمىغان بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن...» دېيىشنىڭ ئورنىغا، «مەن قىلغان...» دېگەندەك.

ۋاقىت جەدۋىلىنى بىكار قىلىڭ . ئەگەر ئۆزىڭىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىڭىزنى ھېس قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنى سۆيلەپ، قىلىشىڭىز كېرەك بولغان ئىشلارنى دائىم ئەسكەرتىپ تۇرىدىغان ۋە پەقەت خىزمەت قىلىشنىلا تەكىتلەپ، كۆڭۈل ئېچىشقا ياكى دەم ئېلىشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ۋاقىت جەدۋىلىنى ئىشلەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. پەقەت زۆرۈر بولغان ئىشلارنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان، جانلىق ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈڭ.

نىشانىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋاقتىڭىزنى خاتىرىلەڭ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى مۇكاپاتلاڭ. بۇ بېسىمغا ئۇچراش تۇيغۇسىنى ئازايتىپ، قىلغان ئىشىڭىزدىن رازى بولۇشنى كۈچەيتىدۇ. تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن يۇئېن بىلەن بۇركانىڭ «سۆرەلمىلىك» (Procrastination by Yuen and Burka) ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

شۋېتسارىيە پىشلىقى (Swiss Cheese It) ئۇسۇلى. يەنى چوڭ ۋەزىپىلەرنى كىچىك باشقۇرغىلى بولىدىغان پارچىلارغا بۆلۈش ئارقىلىق سۆرەلمىلىكنى تۈگىتىش ئۇسۇلىدۇر. (شۋېتسارىيە پىشلىقى- دېگەن ئۇقۇم شىۋېتسارىيە پىشلىقىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن كەلگەن بولۇپ، ئالاھىدە تۆشۈكلىرى ياكى «كۆزلىرى» بولغانلىقى بىلەن داڭلىق.) بىرەر چوڭ ۋەزىپىنى كىچىك پارچىلارغا بۆلۈپ، چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە مۇمكىن قەدەر كۆپرەك پارچىلارنى تاماملاشقا تىرىشىڭ ھەمدە ئاخىرىدا قانچە پارچىنى تاماملىيالايدىغانلىقىڭىزغا بەك زور ئۈمىد باغلىماڭ. مەسىلەن، بىر ماقالە يېزىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تېمىسى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىڭىزنى خاتىرىلەشكە تەخمىنەن ئون مىنۇت ۋاقىت سەرپ قىلىسىڭىز ياكى ئاساسلىق نۇقتىلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزۈن ئوقۇشلۇقنى بىرەر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقسىڭىز بېتەرلىك. بۇ خىل ئۇسۇلنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن چوڭ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشتا بەلگىلىك ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشەلەيسىز، ھەمدە مەلۇم دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرۈش كۈچكە ئىگە بولالايسىز. ۋەزىپىنى تاماملاش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ۋاقتىڭىزمۇ ئازىيىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ۋەزىپە ئۇنچە چوڭ كۆرۈنمەيدۇ. چۈنكى خۇددى شۋېتسارىيە پىشلىقىدەك، سىز ئۇ ۋەزىپىگە بىر قانچە تۆشۈك تېشىپ، بۆلۈۋەتتىڭىز. قىسقىسى بۇ خىل ئۇسۇلدا ۋەزىپىنى تاماملاش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. چۈنكى سىز ئىجرا قىلىشنى باشلىدىڭىز ھەمدە تاماملاش يولىدىكى بەزى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدىڭىز.

ئىنگلىسچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://mcgraw.princeton.edu/undergraduates/resources/resource-library/understanding-and-overcoming-procrastination



# ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋاشىڭتوندا «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى تۇرۇش» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى

مەمەت ئىمىن دوختۇر

# ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋاشىڭتوندا «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى تۇرۇش» پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتى قاتارلىق 18 تەشكىلات ۋە ئورگاننىڭ ھەمكارلىقىدا 2025- يىلى 12 – ئاينىڭ 9-، 10- ۋە 11- كۈنلىرى ۋاشىڭتوندا «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى تۇرۇش» تېمىسىدا ئالاھىدە پائالىيەتلەر ئۆتكۈزمەكچى.

بۇ ئۈچ كۈنلۈك پائالىيەت «9- دېكابىر ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق كۈنى»، «10-دېكابىر خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كۈنى»، «1985– يىلى 12 – دېكابىردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار نامايىشىنىڭ 40 يىللىقى» دىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم مەزمۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى، مەجبۇرىي ئەمگەك، دىنىي زىيانكەشلىك ۋە دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇشلىرىنى ئېچىپ چۈشكۈرۈش قىلىش، ئادالەتنىڭ سادا سىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مىللىي كىملىكنى قوغداش، كېلەچەكتىكى داۋا يوللىرى ھەققىدە كۆز قاراشلارنى ئورتاقلىشىش، 1985- يىلدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ مىراسلىرى ھەققىدە ئويلىنىش، ئۇيغۇر خەلقىنى قوللىغان ئامېرىكا ۋە خەلقئارا ئىتتىپاقداشلىرىغا بولغان مىننەتدارلىقنى نامايەن قىلىشتۇر.

بۇ ئۈچ كۈنلۈك پائالىيەت ئالدى بىلەن 9- دېكابىر كۈنى ئامېرىكانىڭ دۆلەتلىك ئاخبارات كۇلۇبىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىش بىلەن باشلىنىدىغان بولۇپ، 10-دېكابىر كۈنى تۆت بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش، ئاخىردا 11- دېكابىر كۈندىكى ئامېرىكا پارلامېنتىنى زىيارەت قىلىش ۋە يۇمىلاق ئۈستەل مۇزاكىرىسى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ يىغىنغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرلار، كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلار قاتنىشىدۇ.

10-دېكابىر كۈندىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئېچىلىش نۇتقى. ئامېرىكا پارلامېنت ۋەكىللىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە خەلقئارا ئىتتىپاقداشلار ئېچىلىش سۆزلىرى ۋە تەبرىكنامە.

1 - بۆلۈم: خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى تۇرۇش. بۇ بۆلۈمدە داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان مەجبۇرىي ئەمگەك مۇزاكىرە قىلىنىدۇ.

2 - بۆلۈم: خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىنىي زىيانكەشلىكى ۋە دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇشى. بۇ بۆلۈمدە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كەڭ كۆلەملىك دىنىي زىيانكەشلىك باستۇرۇشى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار، تىبەتلىكلەر ۋە خىرىستىيانلارغا قارشى ئېلىپ بارغان باستۇرۇش ۋە دىئاسپورادىكى كەڭ خەلق ئاممىسى، پائالىيەتچىلەر ۋە ژۇرنالىستلارنى نىشان قىلغان دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ.

3 - بۆلۈم: ئۇيغۇر كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش. بۇ بۆلۈمدە ئۇيغۇر كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ سىستېمىلىق ۋەيران قىلىنىشى، مۇھاجىرەتتە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ ئۇنى قوغداش ئۈچۈن نېمە قىلىشى كېرەكلىكى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ.

4 - بۆلۈم: 1985-يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى خاتىرىلەش. بۇ بۆلۈمدە 1985-يىلى 12- ئاينىڭ 12- كۈنىدە ئۈرۈمچىدە ئوقۇغۇچىلار ئېلىپ بارغان تىنچ نامايىشنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارقىلىق، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى قارشىلىق ھەرىكىتىگە كۆرسەتكەن ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىرى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ.

## كەچلىك پروگراما: مىننەتدارلىق ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسى

بۇ پائالىيەتتە ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرى، ئەمەلدارلىرى ۋە ئىتتىپاقداشلىرىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى، ئۇيغۇر سەنئەت ئەسەرلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بولىدۇ.

بۇ پائالىيەتلەر ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى بىلەن ئۇيغۇر ھەرىكىتى تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇسى، ئامېرىكا ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ئۇيغۇر تەتقىقات مەركىزى، ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قۇرۇلۇشى، كانادا شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ يېقىندىن قوللىشى، شۇنداقلا تۆۋەندىكى تەشكىلاتلار ۋە ئورگانلارنىڭ ھەمكارلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ:

ئاۋستراليیه ئۇيغۇر جەمئىيىتى (Australian Uyghur Association)

درېكسېل ئۇنىۋېرسىتېتى (Drexel University)

شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات فوندى (East Turkistan Research Foundation)

جورجى ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى (George Washington University)

خەلقئارا تىبەت ھەرىكىتى (International Campaign for Tibet)

خەلقئارا جۇمھۇرىيەتچىلەر ئىنستىتۇتى (International Republican Institute)

مىللىي دېموكراتىيە ئىنستىتۇتى (National Democratic Institute)

مىللىي دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى ( National Endowment for Democracy)

شىۋېتسارىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى (Swiss Uyghur Association)

ئۇيغۇر دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى مەركىزى (Uyghur Center for Democracy and Human Rights)

ئۇيغۇر ياۋروپا مەدەنىيەت مەركىزى (Uyghur European Culture Centre)

ئۇيغۇر ھەق - ھوقۇقنى قوغداش قۇرۇلۇشى (Uyghur Rights Advocacy Project)

كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى (Victims of Communism Memorial Foundation)

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى (World Uyghur Congress)

بۇ پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى: 1985– يىلى 12 – دېكابىردىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار نامايىشىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۆزۈن تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش، 9- دېكابىر ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق كۈنىنى خاتىرىلەش ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئۇنۇتماسلىق ۋە بۇ پائالىيەت ئارقىلىق ھەر قايسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە ئاكادېمىكلارنىڭ ھەمكارلىشىپ ئىش قىلالايدىغانلىقىنى دۇنياغا نامايان قىلىشتۇر.

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

# مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2025 -يىلى 12 – ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 12 – ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە)

# دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

(2025 - يىلى، 12 - ئاي)

5- دېكابىر:

**چېگرادىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا پاناھلانغان ئۈچ ئۇيغۇر قېرىنداش 12 يىلدىن بۇيان تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇلماقتا**

2013 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان سىستېمىلىق زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ، ھىندىستاندىن پاناھلىق تىلىگەن ئۈچ ئۇيغۇر ئاكا - ئۇكا 12 يىلدىن بۇيان ھىندىستان تۈرمىلىرىدە ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

قەشقەردىن يولغا چىقىپ، ھىمالايا تاش يوللىرى ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ لاداخ رايونىغا يېتىپ بارغان ئادىل (23 ياش)، ئابدۇخالىق (22 ياش) ۋە سالام (20 ياش) ئىسىملىك بۇ ئۈچ قېرىنداش، 2013-يىلى 12-ئىيۇن كۈنى ھىندىستان ئارمىيەسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. ئۇلار تەكشۈرۈش جەريانىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە تۈتقۇن قىلىش سىياسەتلىرىدىن قېچىپ چىققانلىقىنى، مەقسىتىنىڭ پەقەت جان ئامانلىقىنى قوغداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

گەرچە ئۇلار چېگرادىن قانۇنسىز ئۆتۈش جىنايىتى بىلەن 18 ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما جازا مۇددىتى توشقاندىن كېيىنمۇ قويۇپ بېرىلمىگەن. ھىندىستان دائىرىلىرى تالاش-تارتىشتىكى «جەمئىيەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى» (PSA) نى باھانە قىلىپ، ئۇلارنى تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى توختاۋسىز ئۇزارتىۋەتكەن.

ئۇلارنىڭ ئادۋوكاتى مۇھەممەد شافى لاسو 10 يىلدىن بۇيان بۇ ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ھەقسىز كۆرەش قىلىپ كەلمەكتە. ئادۋوكاتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، بۇ قېرىنداشلار ھازىر بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن ھالدا ئىنتايىن ناچار شارائىتتا تۇتۇپ تۇرۇلماقتا ئىكەن. ئۇزۇن يىللىق تۈرمە ھاياتى ۋە ناچار شارائىتى سەۋەبلىك

ئۇلارنىڭ ساغلاملىقى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان، ھەتتا جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىنىش تەلىپىمۇ تۇرمە دائىرىلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان.

شافى: «بۇ كىشىلەر خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن قاچقان قۇربانلار، ئۇلار جىنايەتچى ئەمەس. ئۇلارنى 12 يىل تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئىنسانىيلىققا زىت» دەپ تەكىتلىمەكتە. ئۇ يەنە ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەسلىكىنى، ئەكسىچە ئۇلارغا پاناھلىق بېرىشنى ياكى ئۈچىنچى بىر دۆلەتكە كېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇ ئۈچ قېرىنداش تۈرمىدە تۇرغان مەزگىلدە يەرلىك تىللارنى ۋە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىۋالغان.

كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى بۇ ئەھۋالنى ھىندىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە مۇسۇلمانلارغا قاراتقان كەمسىتىش سىياسىتىنىڭ بىر ئىپادىسى دەپ ئەيىبلىمەكتە.

https://www.theguardian.com/global-development/2025/dec/05/uyghur-thursun-brothers-fled-china-jailed-india-xinjiang-genocide

9 - دېكابىر:

## ۋاشىنگتوندا «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى»نىڭ تەسىرى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدۇ

ئامېرىكا ئىستراتېگىيەلىك ۋە خەلقئارا تەتقىقاتلار مەركىزىنىڭ (CSIS) كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش بۆلۈمى «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى تونۇش كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى»نىڭ (UFLPA) يولغا قويۇلغاندىن بۇيانقى نەتىجىلىرى ۋە تەسىرى ھەققىدە مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا،مەزكۇر قانۇن ئىجرا قىلىنغان ئۈچ يىل ئىچىدە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق دەپ قارالغان، ئومۇمىي قىممىتى بىر مىليارد دوللارغا يېقىنلىشىدىغان 10 مىڭدىن ئارتۇق خىتاي مېلىنىڭ ئامېرىكىغا كىرىشىنى رەت قىلغان. يىغىندا ئالىي تەتقىقاتچى دوكتور لورا مۇرفى (Laura Murphy) مەزكۇر قانۇننىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى، كەلگۈسىدىكى ئىجرا قىلىنىش يۆنىلىشى ۋە ئۇنىڭ يەر

شارى خاراكتېرلىك مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى تۇرۇش قانۇنچىلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرغان.

بۇ پائالىيەتكە يەنە «ئىشچىلار ھوقۇقى بىرلەشمىسى»نىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك تۈرى مەسئۇلى جەۋھەر ئىلھام، «ئادەم ئەتكەسچىلىكى قانۇن مەركىزى»نىڭ دىرېكتورى ئاناسۆيا سىيام ۋە ئامېرىكا ئەمگەك مىنىستىرلىقىنىڭ سابىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى، تەجرىبىلىك ئىشچىلار ھوقۇقى پائالىيەتچىسى تېئا لى قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر قاتنىشىدۇ. يىغىنغا CSIS كىشىلىك ھوقۇق تەشەببۇسى بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى ئاندرېۋ فرىدمەن رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

مەزكۇر پائالىيەت «ئۇيغۇر رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى تۈگىتىش ئىتتىپاقى» بىلەن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، مەقستى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى تۇرۇشتا مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنىنىڭ ئاچقۇچلۇق رولىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

https://www.csis.org/events/three-years-uyghur-forced-labor-prevention-act-assessing-impact

## خىتاينىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش سىياستى ئۇيغۇر ئاياللىرىدا ئېغىر روھىي كرىزىس پەيدا قىلماقتا

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش مەقستىدە يۈرگۈزگەن مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش (تۇغۇت چەكلەش) سىياستى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ روھىي ساغلاملىقىغا ئېغىر زەربە بەرمەكتە.

ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئەڭ ۋەھشىي ۋاستىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە قارىلىۋاتقان بۇ سىياسەتنىڭ قۇربانلىرى، جۈملىدىن ئامېرىكىدا پاناھلىق تىلىگەن لاگېر شاھىتلىرى جىسمانىي زىيانكەشلىكتىن سىرت، يەنە چوڭقۇر پىسخىكىلىق ئازاب ۋە روھىي جاراھەت ئىچىدە ياشىماقتا. يېقىندا ئوتتۇرىغا چىققان بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلگەن ئۇيغۇر ئاياللىرى دۇچ كېلىۋاتقان پىسخىكىلىق خىرىسلار ۋە ئۇلارغا لازىملىق روھىي ساغلاملىق مەنبەلىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دوكلاتتا يەنە، لاگېر شاھىتى زۇمرەت داۋۇتقا ئوخشاش زورلۇق بىلەن تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىنغان ئاياللارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى روھىي ھالىتى ۋە ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان ئومۇمىي

روھىي ساغلاملىق كرىزىسى تەپسىلىي تەھلىل قىلىنغان. بۇ تەتقىقات ئېرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا سالغان ئۇزۇن مۇددەتلىك پسىخىكىلىق زىيانلىرىنى پاش قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

https://pulitzercenter.org/projects/forced-sterilizations-impact-uyghurs-mental-health

15 - دېكابىر:

## ئۇيغۇر لاگېرلىرىنى پاش قىلغان خىتاي پۇقراسى ئامېرىكىدىن قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە

قوغدىغۇچى گېزىتىنىڭ 15 - دېكابىر ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە مۇنۇ مەزمۇن ئاساس قىلىنغان:

شەرقىي تۈركىستاندىكى لاگېرلارنى مەخپىي سىنغا ئېلىپ پاش قىلغان خىتاي پۇقراسى گۇەن خېڭ ئامېرىكىدا قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، چېگرادىن قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە.

38 ياشلىق گۇەن خېڭ 2021 - يىلى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان رايونىدىكى لاگېر ۋە تۇتقۇن قىلىش ئورۇنلىرىنى مەخپىي زىيارەت قىلىپ، 20 مىنۇتلۇق بىر ھۆججەتلىك سىن ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇ خىتايدىن قېچىپ چىقىپ، جەنۇبىي ئامېرىكا ئارقىلىق ئامېرىكىغا كىرگەن بولسىمۇ، ئۆتكەن ئاۋغۇست ئېيىدا ئامېرىكا كۆچمەنلەر ئىجرا ئىدارىسى (ICE) تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان.

دۈشەنبە كۈنى نيۇيوركتا ئۆتكۈزۈلگەن سوتتا، سوتچىنىڭ ئۇنى ئۈچىنچى دۆلەتكە (ئۇگاندا) قايتۇرۇش مەسىلىسىنى قاراپ چىقىۋاتقانلىقى بىلدۈرۈلدى. گۇەن خېڭنىڭ ئادۋوكاتى ۋە ئاپىسى ئۇنىڭ ئۇگاندا ئارقىلىق خىتايغا قايتۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ۋە ئۇ يەردە ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ئېغىر ئەنسىرىمەكتە.

ئامېرىكا پارلامېنتى توم لانتوس كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى بۇ ھەقتە بايانات ئېلان قىلىپ، گۇەن خېڭنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلسا ئېنىقلا تەقىبلەشكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى ۋە ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىش پۇرسىتى تەمىنلىنىشنى تەلەپ قىلدى.

https://www.theguardian.com/world/2025/dec/15/china-uyghur-human-rights-ice

## شۋېتسيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە قىلىنىۋاتقان زىيانكەشلىك ھەققىدە مەخسۇس دوكلات ئېلان قىلدى

شۋېتسيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى «ئۇنتۇلۇشقا قارشى يېزىقچىلىق: شەرقىي تۈركىستاندىكى مەدەنىيەت ۋە تىل — باستۇرۇش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ۋاستىسى سۈپىتىدە» ناملىق يېڭى دوكلاتىنى ئېلان قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەرگە يۈرگۈزۈۋاتقان سىستېمىلىق زىيانكەشلىكلىرىنى يەنە بىر قېتىم دۇنيا كۆن تەرتىپىگە ئېلىپ كەلدى.

دوكلاتتا تەكىتلىنىشىچە، خىتاي دائىرىلىرى شى جىنپىڭ دەۋرىدە رايون سىياسىتىنى «مەدەنىيەت كۆپ خىللىقى»دىن زورلۇق بىلەن «بىر خىل مەدەنىيەتكە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش»قا ئۆزگەرتكەن. بۇ سىياسەتنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، كىملىكنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ئاددىي مەدەنىيەت شەكىللىرىمۇ تەقىبلەش ۋە سوتسىز قاماشنىڭ باھانىسىگە ئايلانغان.

مەزكۇر دوكلات سۈرگۈندىكى بەش ئۇيغۇر يازغۇچىنىڭ بىۋاستە گۇۋاھلىق سۆزلىرى بىلەن بېيىتىلغان بولۇپ، ئۇلار خىتاينىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى نىشان قىلىش ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى پاش قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەدەبىياتنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆز كىملىكىنى قوغداش ۋە زور كىرىزىس مەزگىلىدە قارشىلىق كۆرسىتىشتىكى ئاچقۇچلۇق ۋاستە ئىكەنلىكى ئالاھىدە قەيت قىلىنغان. قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنى «بۈگۈنكى دەۋردىكى ئەڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنىڭ بىرى» دەپ ئەيىبلىگەن.

https://www.pen-international.org/news/swedish-pen-report-systematic-human-rights-violations-xinjiang-china

ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى


ئۇيغۇرلار
The Uyghurs
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival